# مىللەت ۋە دىن

# 民族与宗教

3
2000

(ئومۇمىي 32 - سان)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەت، دىن ئىشلىرى كومىتېتى تۈزدى

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) ۋىۋىسكا ئاستى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) نىڭ ۋىۋىسكا ئېسىش مۇراسىمى 2000 - يىلى 8 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئۆتكۈزۈلدى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئورگان ئىسلاھات لايىھىسىگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ئەسلىدىكى ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر، دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ نامىنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) دەپ ئاتاشنى قارار قىلدى ھەمدە ۋىۋىسكا ئېسىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى قېيۇم باۋۇدۇن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇقادىر نەسرىدىن ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى، كادىرلار ئىشلىرى نازارىتىنىڭ رەھبەرلىرى ۋىۋىسكا ئېسىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

قېيۇم باۋۇدۇن ۋىۋىسكا ئېسىش مۇراسىم سۆزى قىلدى. ئۇ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) نىڭ ۋىۋىسكا ئېسىشى، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر، دىن خىزمىتىدىكى بىر چوڭ ئىش. بۇ، ئاپتونوم رايونىنىڭ ئورگان ئىسلاھاتىنىڭ ماھىيەتلىك باسقۇچقا كىرگەنلىكىنىڭ بەلگىسى. ئەسلىدىكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر، دىن ئىشلىرى كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا، جايلاردىكى مىللەتلەر، دىن ئىشلىرى كومىتېتلىرىنىڭ ئاكتىپ قوللىشى ۋە ماسلىشىشى ئارقىسىدا پارتىيىنىڭ مىللەتلەر، دىن سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇردى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللىي ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىدى. دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، دىنىنى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ماسلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەپ كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتتى، دېدى. قېيۇم باۋۇدۇن، مىللەت، دىن خىزمىتى پارتىيىمىزنىڭ مۇھىم خىزمىتى، يېڭى ۋەزىيەتتە مىللەت، دىن خىزمىتى نۇرغۇن يېڭى ئەھۋال ۋە يېڭى مەسىلىلەرگە دۇچ كەلمەكتە. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) ئۈستىگە ئالغان خىزمەت ۋەزىپىسى ناھايىتى ئېغىر، شۇنداقلا ئىنتايىن شەرەپلىك. پارتىيىمىز مىللەتلەر، دىن ئىشلىرى توغرىسىدا بىر قاتار سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىقتى. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، پارتىيىمىزنىڭ مىللەتلەر، دىن سىياسىتى تامامەن توغرا. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) پارتىيىنىڭ مىللەتلەر، دىن سىياسىتىنى تەۋرەنمەي قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇشى، دىن خىزمىتىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى مەردانىلىق بىلەن بوشاشتۇرماي

(ئاخىرى مۇقاۋىنىڭ 3 - بېتىدە)

# مىللەت ۋە دىن

ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى باشقۇرۇشىدىكى ژۇرنال
ش ئۇ ئا ر دىن ئىشلىرى ئىدارىسى

2000 - يىل 3 - سان
(ئومۇمىي 32 - سان)

تەھرىر ھەيئىتىنىڭ پەخرى مۇدىرى: ليۇ يەنچىڭ
تەھرىر ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى: ئابدۇللا ھەمدۇللا
تەھرىر ھەيئىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى: شۇ شىجې، ئابدۇرېشىت نىياز، خې جۇڭدې
تەھرىر ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرى: ئۇركېنقان ساتىرباي، ۋېي جاۋلىن، مۇساجان مەھەممەت، بېيجىن، مۇختار سەدۇ، جىندېك، ۋاڭ ياۋشىن، تۆمۈر غوپۇر، ئىسمايىل يۇنۇس، ھامۇت قاسىم، ئابلىز ناسىر، ئابلىز ئابدۇكېرىم، خۇ جيەنجۇن، چىن يۇڭ، يەن فىڭكەي، ئابدۇراخمان كېرەم
باش مۇھەررىرى: گې فىڭجياۋ
تەكلىپ قىلىنغان مۇھەررىرى: ئەركىن ئىمىننىياز
تەھرىرلىرى: مەخمۇت، ئەركىن ئىمىننىياز، كۆلەيخان، فاڭ رويۇ، لى فىڭبو
بۇ ساننىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەركىن ئىمىننىياز

# مۇندەرىجە

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) ۋە ئۇسكا ئاستى ... (مۇقاۋىنىڭ 2 ـ بېتىدە)

دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى ئىسمايىل ئەھمەد شىنجاڭ ئىماملىرى مۇھاكىمە سىنىـ-
پىنىڭ كۇرسانتلىرىنى قوبۇل قىلدى ............... ئالىم ئابدۇراخمان (1)

## ★ئۆگىنىش باغچىسى★

«ئۈچ جۈملە سۆز» نىڭ مول مەزمۇنىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىگىلەيلى ۋە چۈشىنىۋا-
لايلى ........... دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يې شياۋۋېن (2)

«ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى نۆۋەتتىكى مىللەت، دىن خىز-
مىتىگە يېتەكچى قىلىش لازىم ........................... ماۋېنشىن (4)

## ★غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش★

ۋاڭ جاۋگو، جىڭ شۇپىڭ، جۇتېنۇڭلار «غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئې-
چىش» تەكشۈرۈش ئۆمىكىنى باشلاپ شىنجاڭغا كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ
باردى ......................................... جاۋ خاۋ (6)

## ★مەخسۇس ماقالە★

غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە
يولغا قويۇپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىنىڭ سىجىل، تېز راۋاجلىنىـ-
شىنى ئىلگىرى سۈرەيلى ... ...... ...... ..... ..... ...... ...... ...... ......
مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بۇ خې (11)

## ★مىللىي مەدەنىيەت★

تۈنجى نۆۋەتلىك جۇڭگو كىيىم ـ كېچەك، زىننەت بۇيۇملىرى يەرمەنكىسى
شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ خىزمەت خاتىرىسى ......... تۈنجى نۆۋەتلىك جۇڭگو
مىللىيچە كىيىم ـ كېچەك، زىننەت بۇيۇملىرى يەرمەنكىسى شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى (18)

## ★دىن خىزمىتى مۇنبىرى★

دىن خىزمىتىنى غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇ-
رۇش كېرەك................................ خەن بىڭ (26)

دىننى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ ئەمەلىيەتتە
كۆرسىتىلىشى ............................ ليۇ جۇڭگې (34)

★مىللەتلەر خىزمىتى تەتقىقاتى★

غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش جەريانىدا مىللەت ئاملى ئۈستىدە ئويلىنىش ۋە تەدبىر بەلگىلەشكە دائىر تەتقىقات ... ............ ليۇجياڭخەي (41)

★مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتى★

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق، ئۈچىنچى تۈركۈم مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتىدىكى نەمۇنە شەخس ۋەكىللىرىنىڭ ئىچكىرى جايلارغا بېرىپ ئېكسكۇرسىيە، ئۆگىنىش قىلغانلىق خاتىرىسى ............ (51)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق، ئۈچىنچى تۈركۈم مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتىدىكى نەمۇنە شەخس ۋەكىللىرىنىڭ ئىچكىرى جايلارغا بېرىپ ئېكسكۇرسىيە، ئۆگىنىش قىلىش ئۈمىكىدىكى خادىملار ئىسىملىكى ............ (59)

★مىللەتلەر مائارىپى★

بۇ يىل كۈز ئىچكى ئۆلكىلەردىكى شەھەرلەردە شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپى ئېچىلدى ............ گې فېڭجياۋ (62)

★ئۆگىنىش ۋە تەسىرات★

«هايات ـ ماماتلىق تاللاش» فىلىمىنىڭ رېئال ئەھمىيىتى ............ نۇرىمانگۈل ئوسمان (65)

★مىللەتلەر مەدەنىيىتى★

شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى (3) ............ تۇرسۇن ئۆمەر (67)

★كۆز قاراش ئۇزۇندىلىرى★

ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپى ئالدىدىكى يېڭى پۇرسەت ............ (69)

دۆلىتىمىزنىڭ مىللەتلەر مەسىلىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھەل قىلىش يولى ............ فاڭ رۇيۇ (71)

شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىختىساس ئىگىلىرى قوشۇنىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى ............ فاڭ رويۇ (72)

★چوڭ ئىشلار خاتىرىسى★

ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر دىن ئىشلىرى خىزمەت خاتىرىسى ............ (73)

# 目　录

# 新疆民族宗教

（内部季刊）

2000.3

总第32期

2000年12月

新疆维吾尔自治区
民委（宗教局）民研所　主编

《新疆民族宗教》编委会

名誉主任：刘彦清

主　　任：阿不都拉·哈木都拉

副 主 任：许世杰（常务）、阿不都热西提·尼牙孜、贺忠德

编委：

乌尔肯汗·沙特尔拜、魏兆林、木沙江·买买提、别金、穆合塔尔·沙都、金德克、马文斯、铁木尔·吾甫尔、司马义·玉奴斯、木沙·买合苏提、阿不力孜·那斯尔、阿不力孜、胡建军、陈勇、闫峰凯、阿不都热合曼·克里木

《新疆民族宗教》编辑部

主　　编：葛丰交

副 主 编：（暂缺）

特邀编审：艾尔肯·伊明尼亚孜

编　　辑：马合木提、艾尔肯·伊明尼亚孜、库来汗、房若愚、李风波

本期执行编辑：艾尔肯·伊明尼亚孜

ئالىم ئابدۇراخمان

# دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى ئىسمائىل ئەھمەد شىنجاڭ ئىماملىرى مۇھاكىمە سىنىپىنىڭ كۇرسانتلىرىنى قوبۇل قىلدى

دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى ئىسمائىل ئەھمەد 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىغا كېلىپ، بۇ دارىلفۇنۇن ئاچقان تۇنجى قارارلىق شىنجاڭ ئىماملىرى مۇھاكىمە سىنىپىنىڭ كۇرسانتلىرىنى يوقلىدى، مۇھاكىمە سىنىپىنىڭ سۆھبەت يىغىنىدا ئىماملارنىڭ پىكىر - تەكلىپلىرىنى ئەستايىدىل ئاڭلىدى ھەمدە سۆز قىلىپ، شىنجاڭ ئىماملىرىغا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، ئىسلام دىنىنى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا پائال يېتەكلىشىڭلار لازىم، دەپ كۆرسەتتى.

ئىسمائىل ئەھمەد مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرى ناھايىتى كۆپ، ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى زاتلار ئىسلام دىنىنىڭ ۋەتەننى سۆيۈش روھىنى، ئىتتىپاقلىق روھىنى، ئۆزئارا ياردەملىشىش روھىنى ۋە ئەپۇچانلىق روھىنى، ئادىللىق روھىنى، خەير - ساخاۋەت قىلىش روھىنى ۋە بىلىمگە ئىنتىلىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىسلام دىنىنى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا پائال يېتەكلىشى لازىم. ئىسمائىل ئەھمەت ئاخىرىدا كۇرسانتلاردىن كۈتىدىغان بەش تۈرلۈك تەلەپ ۋە ئۈمىدىنى ئوتتۇرىغا قويدى: ياش، ئوتتۇرا ياش ئىماملار پېشقەدەم ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنىڭ ياخشى ئەنئەنىسى ۋە پەزىلەتلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنىڭ ئالدىنقى سېپىدە ئاۋۋالقىدەكلا چىڭ تۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشنىڭ نەمۇنىچىلىرىدىن بولۇپ چىقىشى كېرەك؛ ئىككىنچى، ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، دىنىي ئەقىدىلەرنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ، ئىسلام روھىنى توغرا شەرھلەپ، دەۋر تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىپ، بۆلگۈنچىلىك ۋە دىنىي ئەسەبىيلىكنىڭ چىرىتىشىگە تاقابىل تۇرۇش كېرەك؛ ئۈچىنچى، دىنىي سىياسەت ۋە قانۇن - نىزاملارنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ھۆكۈمەتنىڭ پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇشىغا ياردەملىشىپ، دىنىي پائالىيەتلەرنى قانۇن بويىچە قانات يايدۇرۇش كېرەك؛ تۆتىنچى، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ تۈرلۈك فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئوبدان تەشۋىق قىلىشقا ياردەملىشىپ، مۇسۇلمانلارنى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشتۇرۇش كېرەك؛ بەشىنچى، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ تۆھپە يارىتىش لازىم.

جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنى ئاچقان تۇنجى قارارلىق «شىنجاڭ ئىماملىرى مۇھاكىمە كۇرسى»نىڭ كۇرسانتلىرى بېيجىڭدىكى 30 نەچچە كۈنلۈك ئۆگىنىش جەريانىدا ئالاقىدار رەھبەرلەر ۋە مۇتەخەسسىلەرنىڭ 20 مەيداندىن ئارتۇق لېكسىيەسىنى ئاڭلىدى ۋە مۇھاكىمە قىلدى. بېيجىڭ، تيەنجىن، نەنجىڭ، خاڭجۇ، شاڭخەي ۋە سۇجۇ قاتارلىق شەھەر ۋە رايونلاردا ئېكىسكۇرسىيە ۋە ئۆگىنىشتە بولدى. بۇنىڭ بىلەن، شىنجاڭ ئىماملىرىنىڭ نەزەر دائىرىسى كېڭەيدى، بىلىمى چوڭقۇرلاشتى، چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە بولدى. شىنجاڭ ئىماملىرىنىڭ غەربىي قىسمىنى ئېچىۋېتىشكە بولغان ئىشەنچىسى ۋە غەيرىتى ئاشتى.

مەسئۇل مۇھەررىرى:
ئەركىن ئىمىننىياز

# «ئۈچ جۈملە سۆز» نىڭ مول مەزمۇنىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىگىلەيلى ۋە چۈشىنىۋالايلى

دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يې شياۋۋېن

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ماركىسىزملىق دىن قارىشىنى جۇڭگو سوتسىيالىزمىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى دىن مەسىلىسىنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ دىن مەسىلىلىرىگە ئائىت بىر يۈرۈش ئاساسىي نۇقتىئىنەزەر ۋە ئاساسىي سىياسەتنى شەكىللەندۈردى. بۇلارنى يىغىنچاقلىغاندا «ئۈچ جۈملە سۆز» دىن ئىبارەت. يەنى بىرىنچى، پارتىيىنىڭ دىن ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك، توغرا ئىزچىل ئىجرا قىلىش؛ ئىككىنچىدىن، دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىش؛ ئۈچىنچىدىن، دىننى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا پائال يېتەكلەش لازىم. قىسقىسى، سىياسىينى تەكىتلەش، باشقۇرۇشنى تۇتۇش، ئۇيغۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.

سىياسىينى تەكىتلەش، باشقۇرۇشنى تۇتۇش، ئۇيغۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچ جەھەتتىكى تېما، ئەمەلىيەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە تونۇشنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ بۇ سۆزنىڭ مول مەزمۇنى يېڭىچە ئومۇملاشتۇرۇشقا بولىدۇ:

بىرىنچى، دىنىنىڭ پەيدا بولۇش، تەرەققىي قىلىش ۋە يوقۇلۇش جەريانى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدە ئۇزاق مەزگىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، دىن مەسىلىسىگە توغرا مۇئامىلە قىلىش ۋە ئۇنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىكى مۇھىم بىر مەزمۇن. بىز مەمۇرىي كۈچ بىلەن دىننى يوقىتالمايمىز ھەمدە مەمۇرىي كۈچ بىلەن دىننى تەرەققىي قىلدۇرالمايمىز. (ئاساسىي قانۇنىيەت)

ئىككىنچى، پۇقرالار دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىگە ئىگە، دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكىگىمۇ ئىگە. پۇقرالارنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىك ھوقۇقى مەنپەئەتىنى دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇنى ۋە قانۇنلار قوغدايدۇ. (ئاساسىي سىياسەت)

ئۈچىنچى، ئاتېزىمچىلار بىلەن دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى تۈپ مەنپەئەتى بىردەك، ئىدىيە ئېتىقاد جەھەتتىكى پەرقى ئاساسىي ئورۇندا تۇرمايدۇ، سىياسىي جەھەتتە ئىتتىپاقلىشىپ ھەمكارلىشىش، ئېتىقاد جەھەتتە ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان كەڭ ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۇلۇغ ئىشىغا ئورتاق كۈچ چىقىرىش لازىم. (ئاساسىي مەۋقە)

تۆتىنچى، دۆلىتىمىزدە دىنىي جەھەتتىكى زىددىيەت ئاساسلىقى خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتكە مەنسۇپ، لېكىن مەلۇم شەرت-شارائىت ئاستىدا ۋە مەلۇم ئەھۋالدا تىركىشىش خاراكتېرلىك مەسىلىلەر يۈز بېرى-

شىمۇ مۇمكىن. بۇنداق مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا چوقۇم خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى، قانۇننىڭ ئىززەت ھۆرمىتى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشتا چىڭ تۇرۇشنى ئاساسىي ئۆلچەم قىلىش لازىم. (**ئاساسىي ئۆلچەم**)

بەشىنچى، دىنىي پائالىيەت چوقۇم قانۇن ۋە سىياسەت دائىرىسىدە ئېلىپ بېرىلىشى لازىم. دۆلەت دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرىدۇ، نورمال دىنىي پائالىيەتلەرنى قوغدايدۇ، دىندىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بېرىلغان قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەتلەرنى چەكلەيدۇ ۋە ئۇنىڭغا زەربە بېرىدۇ. (**باشقۇرۇش**)

ئالتىنچى، مىللەت مەسىلىسى بىلەن دىن مەسىلىسىنىڭ پەرقى ۋە باغلىنىشىنى بىلىۋېلىشقا ماھىر بولۇش كېرەك. دىن مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىشتا مىللەتلەرنىڭ تۈپ مەنپەئەتى، ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتىنى چىقىش قىلىش كېرەك. دىندىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بېرىلغان خەلقنى پارچىلايدىغان، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان ھەرقانداق سۆز ھەرىكەتلەردىن ھوشيار بولۇشىمىز ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇشىمىز لازىم. (**دىن ۋە مىللەت**)

يەتتىنچى، مۇستەقىل ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش، ئۆزىنىڭ دىنىنى ئۆزى باشقۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش، چەتئەل كۈچلىرىنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ دىن ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىغا، دۆلىتىمىزنىڭ دىنىي تەشكىلاتلىرىنى ئىدارە قىلىشىغا قارشى تۇرۇش، چەتئەللەر بىلەن بولغان دىنىي جەھەتتىكى ئالاقىنى باراۋەرلىك، دوستلۇق ئاساسىدا قانات يايدۇرۇش، چېگرا سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ بارغان سىڭىپ كىرىشىنى توساش لازىم. (**دىنىنى مۇستەقىل باشقۇرۇش**)

سەككىزىنچى، دىنىي ساھەدىكى زاتلارنى قولغا كەلتۈرۈش، ئۇلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىش، ئۇلارنى تەربىيىلەش، ئۇلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك، دىنىنىمۇ سۆيۈشكە ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە ئىلھام بېرىش لازىم. ياش بىر ئەۋلاد ۋەتەنپەرۋەر دىنىي ۋەزىپە ئۆتەيدىغان خادىملارنى پىلانلىق ھالدا تەربىيىلەش، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش لازىم. (**دىنىي زاتلار ۋە دىنىي تەشكىلاتلار**)

توققۇزىنچى، دىنىي سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئويغۇنلاشتۇرۇشقا پائال يېتەكلەش لازىم. (**ئويغۇنلاشتۇرۇش**)

ئونىنچى، خەلق ئاممىسىغا بولۇپمۇ كەڭ ياش - ئۆسمۈرلەرگە دىئالېكتىكا ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق ئىلمىي دۇنيا قاراش (ئاتېزىمنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) تەربىيىسى، پەننىي بىلىملەرنى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ، پۈتكۈل مىللەتنىڭ ئىدىيىۋى ئەخلاق ساپاسى ۋە پەن مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈش لازىم. (**ئاتېزىم تەربىيىسى**)

ئالىمجان ئابدۇراخمان تەرجىمىسى
مەسئۇل مۇھەررىرى:
**ئەركىن ئىمىننىياز**

ماۋېنشىن

# «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى نۆۋەتتىكى مىللەت، دىن خىزمىتىگە يېتەكچى قىلىش لازىم

بۇ يىل يىل بېشىدىن بۇيان يولداش جياڭ زېمىن جايلاردا خىزمەتلەرنى تەكشۈرگەندە، كۆپ قېتىم تەكىتلەپ، يېڭى ئەسىرگە قەدەم تاشلاش مۇساپىسىدە، پارتىيىمىز كۆپلىگەن مۇرەككەپ زىددىيەت ۋە قىيىنچىلىقلارنى ياخشى ھەل قىلىپ، يېڭى سىناق ۋە چېنىقىشلارغا بەرداشلىق بېرىشى، ئۇلۇغۋار ئىشلىرىمىزنى ئالغا سىلجىتىشى، چوقۇم «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» تەلىپى بويىچە پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشى، ھاكىمەت يۈرگۈزۈش سەۋىيىسىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈشى لازىم. مۇشۇ مەسىلىلەرنى ياخشى ھەل قىلغاندىلا پارتىيىمىز پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ سەمىمىي ھىمايىسىگە مەڭگۈ ئېرىشەلەيدۇ ھەمدە خەلقنى يېتەكلەپ ئۈزلۈكسىز ئالغا باسالايدۇ، دەپ كۆرسەتتى. باش شۇجى جياڭ زېمىن، جۇڭگو كومپارتىيىسى باشتىن ئاخىرى جۇڭگونىڭ ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە، جۇڭگونىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىگە، جۇڭگودىكى ئەڭ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىش — پارتىيىمىزنىڭ پۇت تىرەپ تۇرۇشىنىڭ ئاساسى، ھاكىمەت يۈرگۈزۈش ئاساسى، كۈچ قۇۋۋەت مەنبەسى، دەپ كۆرسەتتى. پارتىيە قۇرۇلۇشىدىكى تەجرىبىلەرنى چوڭقۇر يەكۈنلەش ئاساسىدا يېڭى دەۋرنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا يېڭى ئەسىرگە يۈزلىنىش قىلىش جەريانىدا پارتىيە قۇرۇلۇشىدىكى يېڭى ئۇلۇغۋار قۇرۇلۇش ئۈچۈن نەزەرىيىۋى ئاساس تىكلەپ بەردى.

يولداش جياڭ زېمىننىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» توغرىسىدىكى مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش، پۈتۈن پارتىيىنىڭ چوڭ ئىشى، مىللەت، دىن خىزمىتى تارماقلىرىنىڭمۇ چوڭ ئىشى، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش ئىزچىللاشتۇرۇشتا مۇھىمى ئۆگىنىشنىڭ جەريانىنى تەدرىجىي چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۇرۇپ ئۆز كەسپىنى پۇختا ئىگىلەش، ئاممىۋىي خىزمەتنى كۈچەيتىش ۋە ياخشى ئىشلەش، مىللەت، دىن خىزمىتىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى ئۈزلۈكسىز بەرپا قىلىش، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيەسى ئارقىلىق نۆۋەتتىكى خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىش، ئۇچنى بىرلەشتۇرۇشنى ئىرىشىپ ئورۇنداپ پارتىيىنىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» ئەمەلىيىتى ئۈچۈن يېڭى تۆھپە يارىتىش لازىم. بىرىنچىدىن، مەركەزنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇش بىلەن

بىرلەشتۈرۈش لازىم. پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتى ۋە دىن سىياسىتىنى بولۇپمۇ مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى، ئىتتىپاقلىقى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش شۇنداقلا دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى، دىننى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا پائال يېتەكلەش قاتارلىق سىياسەتلەرنى يەنىمۇ ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش، يېڭى ئەھۋال يېڭى مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشقا يېڭى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەشكە ئەھمىيەت بېرىش، پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتى ۋە دىن سىياسىتىنى يەنىمۇ بېيىتىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش، مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنى يېتىم قالدۇرۇش ۋە ئۇلارغا زەربە بېرىش، دىن جەھەتتىكى قانۇنسىز ھەرىكەتلەرنى قانۇن بويىچە ئەمەلدىن قالدۇرۇش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىققا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش لازىم. ئىككىنچىدىن، غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش بىلەن بىرلەشتۈرۈش لازىم. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك تەدبىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ بىز ئۈچۈن تېپىلغۇسىز تەرەققىيات پۇرسىتى. پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش ئېڭىنى تۇرغۇزغاندىلا، تەرەققىيات نۇقتىسىنى ئىگىلەپ ئىقتىسادىي جەمئىيەتنىڭ تېز سۈرەتتە تەرەققىي قىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرالايمىز. بولۇپمۇ «چېگرا رايونلارنىڭ ئىگىلىكىنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇش قۇرۇلۇشى» ۋە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە رايونلىرىغا قارىتىلغان ئېتىبار بېرىش سىياسىتى ئارقىلىق كۆپرەك مەبلەغنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز، ئۇل ئەسلىھەلەر تۈرلىرىنى يولغا قويۇپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىنىڭ گۈللىنىشى، ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. ئۈچىنچىدىن، «ئۈچنى تەكىتلەش» تەربىيىسىنىڭ نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش بىلەن بىرلەشتۈرۈش لازىم. چوڭقۇر ئۆگىنىش ئارقىلىق، قائىدە - تۈزۈملەرنى بېكىتىپ، خىزمەت ئۇسلۇبىنى ياخشىلاپ، ئاساسىي قاتلاملارغا بېرىپ، ئاممىنىڭ ھالىغا يېتىپ، ئۇلارنىڭ پىكرىگە قولاق سېلىپ، ئاممىنىڭ ئىدىيىۋى ئەھۋالىنى توغرا ئىگىلەپ، خەلق ئاممىسى ئۈچۈن ھەقىقىي تۈردە ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىپ، مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرىنىڭ خەلق ئاممىسى ئىچىدىكى ياخشى ئوبرازىنى تىكلەپ، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» تىكى تەلەپلەرنى ھەقىقىي پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيىنىڭ خەلق ئاممىسى ئىچىدىكى جەلپ قىلىش كۈچى ۋە ئۇيۇشتۇرۇش كۈچىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش لازىم.

تەرجىمە قىلغۇچى:
ئالىم ئابدۇراخمان
مەسئۇل مۇھەررىرى:
ئەركىن ئىمىننىياز

جاۋخاۋ

# ۋاڭ جاۋگو، جىڭ شۇپىڭ، جۇتېنۇڭلار «غەربىي قىسىمنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش» تەكشۈرۈش ئۆمىكىنى باشلاپ شىنجاڭغا كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى

5 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 6 - ئاينىڭ 3 - كۈنىگە قەدەر، ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار مەركىزىي كومىتېتلىرى، مەملىكەتلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە پارتىيە - گۇرۇھسىز زاتلاردىن تەركىب تاپقان «غەربىي قىسىمنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش» تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئاپتونوم رايونىمىزدا 17 كۈن ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش پائالىيىتىگە مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ۋاڭ جاۋگو، مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مەملىكەتلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى جىڭ شۇپىڭ، مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل رەئىسى جۇتېنۇڭ يېتەكچىلىك قىلدى. ئاپتونوم رايون ۋە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ رەھبەرلىرىدىن ۋاڭ لېچۈەن، ئابلەت ئابدۇرېشىت، جانابىل، جاڭ ۋېنيۆ، چىن دېمىن، جاڭ چىڭلى تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكىلەرگە ھەمرا بولدى. تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكىلەر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ئىسمائىل تىلىۋالدى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى جاڭ يۈجۈڭنىڭ ھەمراھلىقىدا، ئۈرۈمچى شەھىرى، قەشقەر ۋىلايىتى، خوتەن ۋىلايىتى، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى، ئىلى ۋىلايىتى، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى، تۇرپان ۋىلايىتى، شىخەنزە شەھىرى قاتارلىق 9 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، 15 ناھىيە، 10 يېزا (بازار)، مەيدان ۋە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ بىر قىسىم دىۋىزىيە، ئىدارە، تۇەن- مەيدانلىرىدا غەربىي قىسىمنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشقا دائىر ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەڭشەش، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئاسراش، پەن - تېخنىكا، مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش، سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش قاتارلىق مەسىلىلەرنى چۆرىدىگەن ھالدا، شەھەر، يېزا، كارخانا، مەكتەپ ۋە دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئائىلىسىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر، ئالاقىدار تارماقلار، ھەر مىللەت ئاممىسى بىلەن ئۇچراشتى، ئۇلار بىلەن پاراڭلاشتى ۋە سۆھبەتلەشتى.

تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكىلەر بىردەك مۇنداق دەپ قارىدى: تەكشۈرۈش ئارقىلىق، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى يولغا قويغان غەربىي قىسىمنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتې-

گىيىسىنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشىمىز يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتى، غەربىي قىسىمنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنىڭ يولغا قويۇلۇشى مۇھىم ئىقتىسادىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن يەنە زور سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى يەنىمۇ چوڭقۇر تونۇپ يەتتۇق. شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەر، ھەر مىللەت خەلقى ۋە ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ غەربىي قىسىمنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىگە بولغان تولۇپ تاشقان قىزغىنلىقىدىن، تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكىلەر مەركەزنىڭ غەربىي قىسىمنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش توغرىسىدىكى سىياسەتنىڭ كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە ياققانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى، مەركەز يولغا قويغان غەربىي قىسىمنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنىڭ كەلگۈسى مول نەتىجىلىك بولىدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچى چىڭىدى.

تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكىلەر مۇنداق دەپ قارىدى: شىنجاڭ جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشتى، ھازىر شىنجاڭ يەنىمۇ تەرەققىي قىلىش شارائىتىنى ھازىرلاپتۇ. تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكىلەر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ نەچچە ئون يىلدىن بۇيان پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقىگە باشلامچىلىق قىلىپ تەبىئەت بىلەن كۆرەش قىلىپ، سۇنى ياخشىلاپ، قۇمنى تىزگىنلەپ، ئورمان بىنا قىلىپ، ناچار تەبىئىي شارائىتتا ھاياتلىققا، تەرەققىياتقا ئىنتىلگەنلىكىدىن؛ نامراتلىق بىلەن كۆرەش قىلىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى تىرىشىپ ئىلگىرى سۈرگەنلىكىدىن؛ مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر بىلەن كۆرەش قىلىپ، جاپالىق تىرىشىپ قوشقان تۆھپىسىدىن چوڭقۇر تەسىرات ئالغانلىقىنى سۆزلەپ مۇنداق دەپ قارىدى: شىنجاڭ دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ئۈچۈن زور تۆھپە قوشمىغان بولسا، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشىدە مۇقىم شارائىت بولمىغان بولاتتى، شەرقىي قىسىمدىكى رايونلارنىڭ تېز تەرەققىياتىمۇ بولمىغان بولاتتى. تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكىلەر ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتتا قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە يۇقىرى باھا بېرىپ مۇنداق دەپ قارىدى: شىنجاڭ مەلۇم سانائەت ئاساسىنى، ئۇل مۇئەسسەسە شارائىتىنى ھازىرلاپتۇ، بايلىقلارنى ئېچىشنىڭ ئالدىنقى باسقۇچلۇق تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلەپتۇ، شىنجاڭنىڭ بازار ئىگىلىكىنى ئىدارە قىلىش ئىقتىدارى كۆرۈنەرلىك ئۆسۈپتۇ، شىنجاڭ بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلىشالايدىغان بىر تۈركۈم كارخانا ئىختىساس ئىگىلىرىگە ئىگە بولۇپتۇ، بازار ئىگىلىكىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان بىر تۈركۈم جانلىق سىياسەت تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىقىپتۇ ھەمدە ئۇنى يولغا قويۇپتۇ. بولۇپمۇ كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىدە زور ئۆزگىرىش بولۇپتۇ، بازار مېخانىزمى، رىقابەت مېخانىزمى، ئۈنۈم مېخانىزمى تەدرىجىي بەرپا قىلىنىپتۇ. مەركەز غەربىي قىسىمنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش تەدبىرىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر ساقلاپ تۇرماي، يۆلىنىۋالماي نۇرغۇن تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلەپتۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى غەربىي قىسىمنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنىڭ شىنجاڭدا يولغا قويۇلۇشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان

شەرتلەرنى ھازىرلاپتۇ، ئۇلار تامامەن غەر-
بىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا مۇ-
ھىم رول ئوينايدۇ. ئۇلار بىردەك مۇنداق
دەپ قارىدى: مەركەز شىنجاڭنى غەربىي
قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتىكى مۇھىم
نۇقتا دەپ تونۇپ ئويلانسا بولىدۇ.

تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكىلەر تەكشۈ-
رۈش جەريانىدا كۆرگەن، ئاڭلىغانلىرىغا
بىرلەشتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ غەربىي قى-
سمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش پۇرسىتىنى
چىڭ تۇتۇپ تەرەققىياتنى تېزلىتىشى توغ-
رىسىدا نۇرغۇن سەمىمىي پىكىر ۋە تەكلىپ-
لەرنى بەردى.

تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكىلەر مۇنداق
دەپ كۆرسەتتى: شىنجاڭ غەربىي قىسمىنى
كەڭ كۆلەمدە ئېچىش جەريانىدا ئالدى بى-
لەن پىلانلاش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ،
كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنى مۇۋاپىق ئورۇنلاش-
تۇرۇپ، روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە بول-
غان ئىقتىسادىي تەرەققىيات پىلانىنى تۈزۈپ
چىقىشى، مەسىلەن، شىمالىي شىنجاڭدىكى
ئىقتىسادىي بەلۋاغ، ئۈرۈمچى خەلقئارا سودا
شەھىرى، غەربنىڭ گازىنى شەرققە يۆتكەش
قۇرۇلۇشىنى، نېفىت ـ گازنى پىششىقلاپ
ئىشلەش، ئۆزگىچە بوستانلىق ئىگىلىكى،
مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ساياھىتى-
چىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش قاتارلىق ئىشلا-
رنى ئالدى بىلەن پىلانلاپ ۋە يولغا قويۇپ،
بۇ تۈرلەردە قىسقا مۇددەت ئىچىدە كۆلەم
شەكىللەندۈرۈپ ۋە ئۈنۈم ھاسىل قىلىپ،
تەسىرگە ئىگە تۈرلەرنى شىنجاڭ ۋە مەملى-
كەت بويىچە نامايەندە خاراكتېرلىك تۈرلەر-
گە ئايلاندۇرۇپ، تېخىمۇ كۆپ مەبلەغ،
تۈرلەرنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىگە ئىلھام بې-
رىشى ۋە ئۇلارنى جەلپ قىلىش كېرەك.
تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكىلەر شىنجاڭنىڭ
ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش
جەريانىدا، چوقۇم سۇ بايلىقىنى مۇئاپىق
ئېچىش ۋە سۇنى تېجەپ ئىشلىتىشنى گەۋ-
دىلىك ئورۇنغا قويۇپ، ئېكولوگىيىلىك
مۇھىتنى قوغداش ۋە بەرپا قىلىشنى ھەقى-
قىي كۈچەيتىشنى تەۋسىيە قىلدى. ئاپتو-
نوم رايوننىڭ ئوخشىمىغان رايونلارنىڭ ئالا-
ھىدىلىكىگە ئاساسەن ئوخشاش بولمىغان
ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرى ۋە سودىگەر
چاقىرىش تۈرلىرىنى تۈزۈپ چىقىپ، مەم-
لىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تېخىمۇ كۆپ
مەبلەغ سالغۇچىلار ۋە خۇسۇسىي كارخانى-
چىلارنى غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە
ئېچىشقا قاتنىشىشقا جەلپ قىلىشى توغرى-
سىدا تەكلىپ بەردى. تەكشۈرۈش ئۆمىكى-
دىكىلەر ئاپتونوم رايوننىڭ ئىختىساس ئى-
گىلىرىنى تەربىيىلەش، كىرگۈزۈش ۋە
ئىشلىتىشكە يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىشى،
بولۇپمۇ ھازىر بار بولغان ئىختىساس ئىگى-
لىرىنى ئىشلىتىشكە ئەھمىيەت بېرىپ،
ئۇلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇ-
رۇش، تۇرمۇش ۋە خىزمەت شارائىتىنى
ياخشىلاش ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ ئىختى-
ساس ئىگىلىرىنى شىنجاڭغا كېلىپ ئۆز
ماھارىتىنى كۆرسىتىشكە جەلپ قىلىشى
توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. تەكشۈرۈش ئۆ-
مىكىدىكىلەر شىنجاڭنىڭ شەرقىي جەنۇبىي-
كى دېڭىز ياقىسىدىكى رايونلار بىلەن بول-
غان تەرەققىيات پەرقىنىڭ بارغانسېرى چو-
ڭىيىپ كېتىۋاتقانلىقىغا قارىتا، تەرەققىيات-
نى تېزلىتىپ پەرقنى كىچىكلىتىش توغرى-
سىدا مۇنداق دەپ قارىدى: پائال تۈردە زا-
مانىۋىي ئىقتىساد قارىشىنى كىرگۈزۈپ،
ھەر خىل پۇل ـ مۇئامىلە ۋاستىلىرىنى
قوللىنىپ، سەكرەپ ئىلگىرىلەش خاراك-
تېرلىك تەرەققىي قىلىش كېرەك. تەكشۈ-
رۈش ئۆمىكىدىكىلەر يەنە ئىسلاھات، ئېچى-
ۋېتىش سالمىقىنى زورايتىش، غەيرىي ئو-
مۇمىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىدىكى ئىگىلىك-
نى زور دەرىجىدە راۋاجلاندۇرۇش، بىر-

لىكسەپ خىزمىتىنىڭ سالمىقىنى زورايـ
تىش، دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلار،
پارتىيە ـ گۇرۇھسىز ئەربابلارنىڭ رولىنى
تولۇق جارى قىلدۇرۇش قاتارلىق مەسىلىـ
لەر توغرىسىدىمۇ قاراتمىلىقىقا، يېتەكچىـ
لىككە ئىگە تەكلىپلەرنى بەردى.

تەكشۈرۈش جەريانىدا، ۋاڭ جاۋگو
شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزـ
لىتىشنىڭ زور ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر
شەرھلىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: شىنجاڭنىڭ
تەرەققىياتىنى تېزلىتىش شىنجاڭ رايونىـ
نىڭ سىياسىي مۇقىملىقىنى ساقلاش،
مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈـ
رۈش، چېگرا رايوننىڭ بىخەتەرلىكىگە كاـ
پالەتلىك قىلىش ۋە چېگرا مۇداپىئەسىنى
مۇستەھكەملەشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىـ
يەتكە ئىگە. شىنجاڭدا ئىقتىساد راۋاجلانـ
سا، جەمئىيەت ئالغا باسسا، ھەر مىللەت
خەلقى ئورتاق بېيىسا باراۋەرلىك، ئىتتىـ
پاقلىق، ھەمكارلىق ئاساسىدىكى سوتسىياـ
لىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتى يەنىمۇ مۇسـ
تەھكەملىنىدۇ ۋە راۋاجلىنىدۇ، جۇڭخۇا
مىللەتلىرىنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچى زور دەرىـ
جىدە زورىيىدۇ. ئۇ مۇنداق دېدى: ۋەتەنـ
نىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنـ
چىلىككە قارشى تۇرۇش — شىنجاڭدىكى
ئۇزۇن مۇددەتلىك بىر سىياسىي ۋەزىپە.
مىللەت ۋە دىن مەسىلىسىدىن پايدىلىنىپ،
ئېلىمىزگە قارىتا غەربلەشتۈرۈش، پارچىـ
لىۋېتىش سىياسىي سۇيىقەستىنى ئېلىپ بېـ
رىش — غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ
ئىزچىل ۋاستىسى. بىز چوقۇم بايرىقىمىز
روشەن ھالدا مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى
تۇرۇپ، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئامما
بىلەن ئەڭ كەڭ دائىرىدە ئىتتىپاقلىشىپ
ۋە ئۇلارغا تايىنىپ، ئىنتايىن ئاز ساندىكى
مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنى ئەڭ زور
دەرىجىدە يېتىم قالدۇرۇپ ۋە ئۇلارغا قانۇن
بويىچە زەربە بېرىپ، دۆلىتىمىز ئىچى ۋە
سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ سىڭىپ
كىرىشى، بۇزغۇنچىلىق قىلىشىنىڭ ئالدىـ
نى ئېلىشىمىز ۋە چەكلىشىمىز، شىنجاڭـ
نى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ۋە گۈللەندۈرۈش
ئۈچۈن، ئىتتىپاق، مۇقىم بولغان ياخشى
مۇھىت يارىتىشىمىز كېرەك.

ۋاڭ جاۋگو مۇنداق دېدى: مەركىزىي
كومىتېت بىرلىكسەپ بۆلۈمى مەركەزنىڭ
تەستىقىنى ئالغاندىن كېيىن، دېموكراتىك
پارتىيە ـ گۇرۇھلارنىڭ مەركىزىي كومىـ
تېتلىرى، مەمىلىكەتلىك سودا ـ سانائەتـ
چىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە
پارتىيە ـ گۇرۇھسىز ئەربابلارنى غەربىي
قىسىمدىكى رايونلارنى تەكشۈرۈشكە تەشـ
كىللىدى. بۇ ھەرقايسى پارتىيە ـ گۇرۇھـ
لار، سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە
پارتىيە ـ گۇرۇھسىز زاتلارنى پارتىيە مەرـ
كىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ غەربىي
قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېـ
گىيىسىنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى ئوـ
رۇنلاشتۇرۇشىنى ئەستايىدىل ئىزچىل ئەـ
مەلىيلەشتۈرۈپ، بىرلىكسەپنىڭ ئەۋزەللىـ
كىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، غەربىي قىـ
سىمدىكى رايونلارنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەرەقـ
قىياتى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشقا تۈرتكە بولىـ
دىغان بىر قېتىملىق مۇھىم ئەمەلىي پائاـ
لىيەت. پارتىيە سىرتىدىكى زاتلارنىڭ غەرـ
بىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشقا قاتنىـ
شىشى — ئۇلارنىڭ يېڭى ۋەزىيەتتە پارتىـ
يىمىز بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ ھەمكارلاشـ
قانلىقىنىڭ مۇھىم بىر نامايەندىسى. ھەر
دەرىجىلىك بىرلىكسەپ بۆلۈملىرى پارتىيە
سىرتىدىكى زاتلارنىڭ غەربىي قىسمىنى
كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئۈچۈن تۆھپە قوـ
شۇش ئاكتىپچانلىقىنى ياخشى ئاسرىشى،
جارى قىلدۇرۇشى ھەمدە ئۇلارغا پائال شاـ
رائىت يارىتىپ بېرىپ، كوممۇنىستىك پارـ

تىيە رەھبەرلىكىدىكى كۆپ پارتىيە ھەمكارلىق ئىشلىرىنىڭ ئۆزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشى لازىم.

تەكشۈرۈش جەريانىدا، جىڭ شۈپىڭ، جۇتيېپىڭ مۇنداق دەپ ئوتتۇرىغا قويدى: سىياسىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىدىغان پارتىيە بولۇش سۈپىتى بىلەن، ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار ۋە سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى تەشكىلاتلىرى غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشقا پائال قاتنىشىپ، بىرلىكسەپتىكى ئىختىداسلىق خادىملارنىڭ ئەقىل - پاراسىتى، بىلىمى ۋە كەڭ ئالاقىسى بار بولۇشتەك ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، كەڭ، چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرگە ئەقىل - چارە، پىكىر - تەكلىپلەرنى بېرىپ غەربىي قىسمىدىكى رايونلارنى ئېچىش ۋە گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشى لازىم. ئۇلار شىنجاڭدىكى غەيرىي ئومۇمىي مۇلۈكچىلىك تۈزۈمىدىكى ئىگىلىكنىڭ تەرەققىيات نەتىجىلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرگەندىن كېيىن مۇنداق دەپ قارىدى: غەيرىي ئومۇمىي مۇلۈكچىلىك تۈزۈمىدىكى ئىگىلىكنىڭ شىنجاڭدىكى تەرەققىيات زېمىنى ئىنتايىن كەڭرى، ئۈنۈمدىن ئۈمىد زور. ئۇلار غەيرىي ئومۇمىي مۇلۈكچىلىك تۈزۈمىدىكى ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كەڭ زاتلاردىن غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشقا ئۆزىنى بېغىشلاپ، تەرەققىي قىلىش، نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش ئاساسىي مەقسەت قىلىنغان شەرەپلىك ئىشقا پائال قاتنىشىپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنى ئىسلاھ قىلىش ۋە ئىشتىن قالغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا قاتنىشىپ، غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشقا تۆھپە قوشۇشنى ئۈمىد قىلدى.

تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرى تەكشۈرۈش پائالىيىتى ئاياقلىشىشتىن ئىلگىرى ئاپتونوم رايون ۋە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىنىڭ رەھبەرلىرىدىن ۋاڭ لېچۈەن، ئابلەت ئابدۇرېشىت، ھامۇدىن نىياز، جانابىل، قېيۇم باۋۇدۇن، جاڭ ۋېنيۆ، ئەسقەت كېرىمباي، چېن دېمىن، ئابدۇرېھىم ھامۇت، ۋۇدۇنفۇ، ئىسمائىل تىلىۋالدى، جاڭ شيۇمىڭ، جاڭ چىڭلى، جۇيۈەن ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئالاقىدار بۆلۈم، كومىتېت، نازارەت، ئىدارىلەرنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن سۆھبەتلەشتى.

تەكشۈرۈش مەزگىلىدە، تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكىلەر بىلەن بىللە بولغان مەملىكەتلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ۋەكىلى يەنە قەشقەر، خوتەن، بايىنغولىن، ئىلى قاتارلىق جايلاردا مەكتەپ قۇرۇش، يەن - تېخنىكا سارىيى سېلىش، ئىجتىمائىي ئورمانچىلىق ئىشلىرى ئۈچۈن ۋە قۇراللىق ساقچى قىسمىنىڭ كوماندىر - جەڭچىلىرى، ج خ خەلق ساقچىلىرىدىن ھال سوراپ ئۇلارغا 3 مىليون يۈەندىن ئارتۇق پۇل ئىئانە قىلدى.

تەرجىمە قىلغۇچى:
قۇربان مۇھەممەت
مەسئۇل مۇھەررىرى:
ئەركىن ئىمىنىياز

# غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە يولغا قويۇپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىنىڭ سىجىل، تېز راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرەيلى

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بۇ خې
(— شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا خىزمەتلەرنى تەكشۈرگەندىن كېيىن ئويلىغانلىرىم —)

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بېكىتكەن غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنى يولغا قويۇش بۈيۈك ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشى غەربىي چېگرا رايونىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى مىللىي ئىنگىلىكنى جانلاندۇرۇش، تەرەققىيات قەدىمىنى تېزلىتىش چوڭ، ياخشى پۇرسىتىگە ئىگە قىلدى. لېكىن قانداق قىلغاندا غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان مۇۋەپپەقىيەتلىك تەرەققىيات يولىنى تېپىپ چىققىلى، تەرەققىياتنى تېزلىتىش نىشانىغا يەتكىلى بولىدۇ دېگەن مەسىلە يەنىلا غەربىي رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان زور تېما.

1 مىليون 660 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر زېمىنى بار، 17 مىليون 750 مىڭ نوپۇسى بار شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ھەر مىللەت خەلقى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش توغرا لۇشيەنىنى بويلاپ، ئۆز رايونىنىڭ تەرەققىيات ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان زور تەرەققىيات يولى ئۈستىدە تىرىشىپ ئىزدەنمەكتە. بۇ ئىزدىنىشنى داۋاملاشتۇرۇش كېرەك. لېكىن ھازىر مەلۇم تەجرىبە ئۇسۇللار بارلىققا كەپتۇ. بۇ يەكۈنلەشكە ئەرزىيدۇ.

**ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش داۋامىدا قولغا كەلگەن غايەت زور نەتىجىلەرنى تولۇق تونۇپ، غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشتىكى ئىرادە ۋە ئىشەنچىنى مۇستەھكەملەش**

نەچچە ئون يىلدىن بۇيان، بولۇپمۇ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغان 20 نەچچە يىل مابەينىدە، شىنجاڭمۇ مەملىكىتىمىزنىڭ باشقا جايلىرىغا ئوخشاشلا ھەر جەھەتتە غايەت زور نەتىجىلەرگە ئېرىشىپتۇ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي قىياپىتىدە غايەت زور ئۆزگىرىش بوپتۇ، مىللىي ئىنگىلىكى ئومۇمىيۈزلۈك راجلىنىپتۇ، بۇنىڭ بىلەن يېڭى ئەسىردە غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىنىپتۇ.

(1) مىللىي ئىنگىلىكى غايەت زور نەتىجىگە ئېرىشىپتۇ. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 1999 ـ يىلىدىكى مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 116 مىليارد 900 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1978 ـ يىلىدىكىدىن يەتتە ھەسسە يەنى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 10.5% ئېشىپتۇ، مالىيە كىرىمى مۇقىم ئېشىپتۇ، 1999 ـ يىلى يەرلىك مالىيە كىرىمى 7 مىليارد 440 مىليون يۈەنگە يېتىپ،

1978 ـ يىلىدىكىدىن 9.4 ھەسسە، يەنى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 11.8% ئېشىپتۇ. 1999 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئېشىنچە قىممىتى 26 مىليارد 800 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1979 ـ يىلىدىكىدىن 3.1 ھەسسە ئېشىپتۇ، پاختا ئومۇمىي ھوسۇلى 1 مىليون 350 مىڭ توننىغا يېتىپ، 1979 ـ يىلىدىكىدىن 23.5 ھەسسە ئېشىپتۇ، يەل ـ يېمىش ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى 1 مىليون 200 مىڭ توننىغا، يىل ئاخىرىدىكى قوتاندىكى چارۋا سانى 44 مىليون 365 مىڭ تۇياققا، گۆش 810 مىڭ توننىغا يېتىپ، 1979 ـ يىلىدىكىدىن 3.1 ھەسسە ئېشىپتۇ.

(2) مىللەتلەر ئىناق ئۆتۈۋېتىپتۇ، ئورتاق گۈللىنىۋېتىپتۇ. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونم رايونىنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 17 مىليون 750 مىڭ بولۇپ، 47 مىللەتتىن تەركىب تاپقان، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر نوپۇسى تەخمىنەن 62% نى ئىگىلىگەن، ھەر مىللەت خەلقى ئۇزاق مۇددەتلىك ئىشلەپچىقىرىش، قۇرۇلۇش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش داۋامىدا ئىناق مۇناسىۋەت ئورناتقان، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولىغا قويۇلغاندىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىيات ئىشلىرى تېخىمۇ زور دەرىجىدە يۈكسەلگەن. «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» ئوبدان ئىزچىللاشتۇرۇلۇپتۇ ۋە يولغا قويۇلۇپتۇ، پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتى توغرا ئىزچىللاشتۇرۇلۇپتۇ ۋە ئىجرا قىلىنىپتۇ. ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان كادىرلار 329 مىڭ كىشىگە يېتىپتۇ، بۇ كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ 49.65% نى ئىگىلەيدىكەن؛ ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان تۈرلۈك كەسپىي تېخنىكا ئىختىساس ئىگىلىرى 239 مىڭ كىشىگە يېتىپتۇ، بۇ پۈتكۈل ئاپتونوم رايوندىكى كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنىڭ 50.42% نى ئىگىلەيدىكەن؛ ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان ئايال كادىرلار 132 مىڭغا يېتىپتۇ، بۇ شىنجاڭدىكى ئايال كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ 46% تىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدىكەن.

(3) جەمئىيەت مۇقىم، چېگرا رايون مۇستەھكەم ئىكەن. ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمال چېگرىسىغا جايلاشقان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يەر كۆلىمى مەملىكىتىمىز ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ ئالتىدىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدۇ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى مەملىكىتىمىزدىكى يەر مەيدانى ئەڭ چوڭ ئاپتونوم رايون. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى موڭغۇلىيە، رۇسىيە، قازاقىستان قاتارلىق سەككىز دۆلەت بىلەن چېگرىلانغان، چېگرا لىنىيىسى 5600 كىلومېتىر، نەچچە ئون يىلدىن بۇيان، بولۇپمۇ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولىغا قويۇلغاندىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنىڭ ئوبدان ئىزچىللىشىشى، ئەمەلىيلىشىشىگە ئەگىشىپ شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ۋەزىيىتى تېخىمۇ مۇقىملىشىپتۇ، چېگرا رايونى تېخىمۇ مۇستەھكەملىنىپتۇ. نەچچە مىڭ كىلومېتىرلىق چېگرا رايونى تېخىمۇ مۇستەھكەملىنىپتۇ. نەچچە مىڭ كىلومېتىرلىق چېگرا لىنىيىسى بۈگۈنكى كۈندە بۇ ئاز سانلىق مىللەت رايونىنىڭ ئېچىۋېتىشكە يۈزلىنىشىدىكى ئىقتىساد ـ سودا ئالاقىسى ۋە ھەمكارلىقنى كېڭەيتىشىدىكى ئاۋات جايلارغا ئايلىنىۋېتىپتۇ.

(4) خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى خېلىلا ئۆسۈپتۇ، كىشىلەرنىڭ روھىي قىياپىتىدە زور ئۆزگىرىش بوپتۇ، ھەممە كىشىنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتقا بولغان ئىـ

شەنچىسى كامىل ئىكەن. 1999 - يىلى
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا شەھەر
ئاھالىسىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدى-
غان ئوتتۇرىچە كىرىمى 5428.9 يۈەنگە،
دېھقانلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان
ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1500 يۈەنگە يەت-
كەن. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىنى
ئاشۇرۇشتا يوشۇرۇن كۈچ ناھايىتى زور
ئىكەن، ئاما كەلگۈسىگە نىسبەتەن ئە-
شەنچكە، ئۈمىدكە تولۇپتۇ.

قىسقىسى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش
يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ ئىق-
تىسادىدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بوپتۇ،
كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەپتۇ، بۇنىڭ
بىلەن غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئې-
چىش ئىستراتېگىيىسىنىڭ يولغا قويۇلۇشى
ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىنىپتۇ، ئىسلا-
ھات، ئېچىۋېتىشنىڭ مول ئەمەلىيىتى،
تەجرىبىلىرى بولغان ئىكەن، غەربىي رايون-
نى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا چوقۇم تېخىمۇ
زور نەتىجىلەر قولغا كېلىدۇ.

**چېگرىدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان، غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنىڭ توغرا يولى ئۈستىدە پائال ئىزدىنىش لازىم**

غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش
ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ داۋامى ۋە چوڭ-
قۇرلىشىشى، چېگرىدىكى ئاز سانلىق مىل-
لەت رايونلىرى ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ
يېڭى پۇرسىتى، شۇنداقلا چېگرىدىكى ئاز
سانلىق مىللەت رايونلىرىنى بېيىتىش،
گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەررەر يولى. ھازىر
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارت-
كوم، خەلق ھۆكۈمىتى ئاپتونوم رايوندىكى
ھەر مىللەت خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ،
پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بېكىتكەن
غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش
ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاسا-
سەن شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈ-
رۈپ، غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئې-
چىشنىڭ توغرا يولى ئۈستىدە بىر نەچچە
تەرەپتىن ئىزدەنمەكتە.

(1) ئۇل مۇئەسسەسىلەر قۇرۇلۇشى-
نى تېزلىتىش. ئۇل مۇئەسسەسىلەر قۇرۇ-
لۇشىنى تېزلىتىش مەركەز بېكىتكەن غەر-
بىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنىڭ بىر
ئىستراتېگىيىلىك مۇھىم نۇقتىسى. بۇ مۇ-
ھىم نۇقتا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا
نىسبەتەن تېخىمۇ زور ئەھمىيەتكە ئىگە.
شىنجاڭنىڭ يېرى كەڭ، بايلىقى مول.
مۆلچەرلىنىشىچە، شىنجاڭنىڭ نېفىت باي-
لىقى 20 مىليارد 860 مىڭ توننا، تەبىئىي
گاز بايلىقى 1 مىليارد 80 مىڭ كۇب مېتىر
بولۇپ، مەملىكىتىمىزدىكى بايلىق مىقدا-
رىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدى-
كەن. 1999 - يىلى نېفىت مەھسۇلات
مىقدارى 17 مىليون 447 مىڭ 100 توننى-
غا يېتىپ، 9 مىليون 446 مىڭ 600 توننا
نېفىت پىششىقلاپ ئىشلىنىپ، مەملىكەت
بويىچە 3 - چوڭ نېفىت ئىشلەپچىقىرىش
بازىسىغا ئايلانغان. نېفىت، تەبىئىي گاز ۋە
پىششىقلاپ ئىشلەشتە شىنجاڭ بويىچە سانا-
ئەت ئېشىنچا قىممىتىنىڭ نىسبىتى تەخمى-
نەن 60% كە يەتكەن. 1999 - يىلىنىڭ
ئاخىرىغا قەدەر، ئاپتونوم رايون بويىچە ئې-
نىقلانغان كۆمۈر زاپىسى جەمئىي 96 مىل-
يارد توننىغا يەتكەن. بۇنىڭدىن باشقا يەنە
مول رەڭلىك مېتال بايلىقى بار. شىنجاڭ
بايلىقنى ئېچىش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن،
ئۇل مۇئەسسەسىلەر قۇرۇلۇشىنى پىلان-
لاش، دەلىللەشنى ئەستايىدىل ياخشى تۇ-
تۇپ، تۆمۈر يول، تاشيول، ئايروپورت،
نېفىت يەتكۈزۈش تۇرۇبا يولى قۇرۇلۇشى-
نىڭ لايىھىسىنى تۈزۈش بىلەن بىللە، ئې-

نېرگىيە ئالاقە ۋە شەھەر ئۆزگەرتىش قاتارلىق ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش خىزمىتى ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇلماقتا.

(2) يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۇل ئورنىنى كۈچەيتىپ، يېزا ئىگىلىك، سانائەت ۋە 3 ـ كەسىپنىڭ ماس هالدا تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش. يېزا ئىگىلىكى شىنجاڭنىڭ هەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى كەسپى، شۇنداقلا شىنجاڭنىڭ ئۈستۈنلۈككە ئىگە كەسپى. غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا يېزا ئىگىلىكىگە سەل قاراشقا، يېزا ئىگىلىكىنى ئاجىزلاشتۇرۇشقا بولمايدۇ، ئەكسىچە بۇ ئۈستۈنلۈككە ئىگە كەسىپنى تېخىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك بايلىق ئالاهىدىلىكى ۋە غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايون يېزا ئىگىلىكىدە يۇقىرى هوسۇللۇق ئېتىز بەرپا قىلىش تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى.

(3) ئېكولوگىيىلىك مۇهىت بەرپا قىلىشقا ئەهمىيەت بېرىش. شىنجاڭ ياخشى جاي. لېكىن ئېكولوگىيىلىك مۇهىت جەهەتتىن ئېيتقاندا، ناهايىتى يېتەرسىز جايلىرىمۇ بار، شىنجاڭدا نۇرغۇن جاينىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇهىتى يەنىلا ئوساللىشىۋېتىپتۇ. شىنجاڭدا قۇملۇق كۆلىمى 800 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، مەملىكەت بويىچە قۇملۇق ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 47% نى ئىگىلەيدۇ؛ ئاپتونوم رايون بويىچە 600 مىڭ گېكتار تېرىلغۇ يەر قۇم ـ بوراننىڭ تەهدىتىگە ئۇچراۋاتىدۇ، 8 مىليون گېكتار ئوتلاق قۇملىشىپ كەتتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق هۆكۈمىتى غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا ئېكولوگىيىلىك مۇهىتنى ئاسراش ۋە بەرپا قىلىش يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ئاسراش بىلەن بەرپا قىلىشنى تەڭ ئېلىپ بېرىش فاڭجېنىنى ئېنىق بېكىتىپ، بوستانلىق ئېكولوگىيە مۇهىتىنى نۇقتىلىق بەرپا قىلىپ، چۆل ـ جەزىرىلەرنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇهىتىنى پائال قوغداپ، مۇهىت بۇلغىنىشىنى تۈزەشنى كۈچەيتىپ، قۇرغاقچىلىق، شورلىشىپ كېتىش، قۇم ـ بوران، بۇلغىنىش قاتارلىق ئېكولوگىيىلىك مۇهىت زىيانلىرىنى تەدرىجىي هەل قىلماقتا.

(4) كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنى يولغا قويۇش. 21 ـ ئەسىرگە يۈزلەنگەن بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك بەرپا قىلىش ۋە جۇڭگونىڭ خەلقئارا سودا تەشكىلاتىغا قاتنىشىشىنىڭ يېقىنلىشىشىغا ئەگىشىپ، دۇنيا ئىقتىسادى كونسېرى بىرىكمۇاتقان يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدا، چېگرىدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنى يولغا قويۇش جەريانىدا، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى ئىستراتېگىيىلىك تەڭشەپ، ئىچكى، تاشقى بازارغا يۈزلىنىپ، بازارنى يادرو قىلىپ، بازار ئېهتىياجىغا ماس كېلىدىغان مەهسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىپ، مەهسۇلات سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، داڭلىق مەهسۇلاتلارنى يارىتىشى لازىم. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئاساسەن مۇنۇ بىر نەچچە جەهەتتىكى تەڭشەشنى ياخشى تۇتۇشى كېرەك: 1) ئۆزگىچە يېزا ئىگىلىكىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش؛ 2) سانائەت قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، نېفىت، تەبىئىي گاز سانائىتىنى گەۋدىلىك تەرەققىي قىلدۇرۇش؛ 3) خەلق ئىگىلىكىنىڭ يېڭى ئېشىش نۇقتىسىنى پائال يېتىلدۈرۈپ، 3 ـ كەسىپ، بولۇپمۇ ساياهەتچىلىكنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش؛ 4) مۇلۇكچىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ ۋە مۇ-

كەممەللەشتۈرۈپ، مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىدە بولمىغان ئىگىلىكنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك.

(5) يېزا ئىگىلىكىنى كەسپلەشتۈرۈش مۇساپىسىنى تېزلىتىش. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئەمەلىيىتى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، يېزا ئىگىلىكىنى كەسپلەشتۈرۈش يېزا ئىگىلىكىنىڭ بازارغا يۈزلىنىش يولى، تاۋار ئىگىلىكىگە يۈزلىنىشىنىڭ ۋە يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ مۇقەررەر يولى. بىر تەرەپتىن، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىشىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن يېزا ئىگىلىكى كەسىپ زەنجىرىنى ئۇزارتىپ، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى كۆپ قېتىم پىششىقلاپ ئىشلەپ، تاۋارلاشتۇرۇپ، قىممىتىنى ئاشۇرغاندىلا، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۈنۈمىنى، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ بازار رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ. يېزا ئىگىلىكىنى كەسپلەشتۈرگەندىلا، باشلامچى كارخانىلارنى يېتىلدۈرۈپ، مىڭلىغان — ئونمىڭلىغان دېھقان ئائىلىلىرىنى يېتەكلەپ، ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمىنى كېڭەيتىپ، تەبىئىي خەۋپ — خەتەر ۋە بازار خەۋپ — خەتىرىگە تاقابىل تۇرۇپ، ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى مۇقىم ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

(6) دۆلەتنى پەن، مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش، يېزا ئىگىلىكىنى پەن — تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىدە چىڭ تۇرۇش، ئەمەلىيەت تەكرار ئىسپاتلىدىكى، ئەنئەنىۋى تەجرىبىگە تايىنىپ، سەكرەش شەكلىدىكى زور تەرەققىياتقا ئېرىشكىلى بولمايدۇ، زامانىۋى پەن — تېخنىكىغا تايانغاندىلا، غەربىي رايوننى تېخىمۇ تېز، تېخىمۇ ياخشى تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولىدۇ. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنى يولغا قويۇشتا ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ ئاساسىي جەڭ مەيدانىغا يۈزلىنىپ، تېخنىكا جەھەتتە يېڭىلىق يارىتىشتا مەدەت بېرىپ، پەن — تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە نەتىجىلەرنى مۇستەھكەملەش ئىستراتېگىيىسىنى بېكىتتى.

(7) ئىشىكنى ھەر تەرەپلىمە ئېچىۋېتىپ، كۆپ قاتلاملىق بويىچە شېرىك مەبلەغ سېلىش، ھەمكارلىشىش، ئورتاق تەرەققىي قىلىش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئۆز ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن، «ئىشىكنى ھەر تەرەپلىمە ئېچىۋېتىش، ئىچكى جەھەتتە بىرلىشىپ سىرتتىن كىرگۈزۈش، شەرق بىلەن بىرلىشىپ، غەربكە چىقىرىش» يېتەكچى فاڭجېنىنى بېكىتتى، شىنجاڭ 16 دۆلەت دەرىجىلىك سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن پورت ۋە بىر يەرلىك پورتنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا ھەتتا شەرقىي ياۋروپا بازارلىرىغا پائال يۈزلىنىپ، غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا «شەرق بىلەن بىرلىشىپ، غەربكە چىقىرىش» تىكى قورغانلىق رولىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرماقتا. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەرلىك، بىڭتۇەن ۋە مەركەز كارخانىلىرى ھەم ھەر خىل مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىدىكى ئىگىلىكنى بىرلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى، دېڭىز ياقىسىدىكى كارخانىلارنى شىنجاڭغا كېلىپ مەبلەغ سېلىشقا ئىلھاملاندۇردى.

(8) ئاپتونوم رايوننى ساياھەتچىلىك بىلەن گۈللەندۈرۈش، ساياھەتچىلىك بىلەن بېيىتىش ئىستراتېگىيىلىك فاڭجېنىنى يولغا قويۇش. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئۆزگىچە ساياھەت بايلىقىغا ئىگە.

شىنجاڭنىڭ تەبىئىي مەنزىرىسى گۈزەل،
كىلىماتى، ئۆزگىچە ئېكولوگىيىسى ھەر
خىل، بۇ يەردە مىڭ خىلدىن ئارتۇق ياۋايى
ھايۋان، ئۆسۈملۈك بار، تەبىئىي قوغدىلى-
دىغان رايوندىن 20 نەچچىسى بار. شىنجاڭ
ئەزەلدىن ناخشا - ئۇسسۇل ماكانى دەپ
ئاتىلىپ كەلگەن، يىپەك يولى شەرق بىلەن
غەربنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدۇ، قوچو قەدىمى-
كى شەھىرى، كىروران قەدىمكى شەھىرى
ۋە قىزىل مىڭ ئۆي قاتارلىقلارمۇ مەملى-
كەت ئىچى ۋە سىرتىغا تونۇلغان، مىللىي
ئۆرپ - ئادىتىمۇ ئۆزگىچە. شىنجاڭ ئۇي-
غۇر ئاپتونوم رايونى غەربىي رايوننى كەڭ
كۆلەمدە ئېچىش ئارقىلىق ساياھەت ئۇل
مۇئەسسەسىلىرى قۇرۇلۇشىنى ساياھەتچى-
لىك كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرماقتا، سا-
ياھەتچىلىك كەسپى ئارقىلىق نۇرغۇن مەب-
لەغ سېلىش ۋە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش
پۇرسىتىنى يارىتىپ، ھەر مىللەت دېھقان،
چارۋىچىلىرىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرماقتا.

قىسقىسى، غەربىي رايوننى كەڭ كۆ-
لەمدە ئېچىش، بىر ئەسىر خاراكتېرلىك
ئۇلۇغۋار ئىستراتېگىيىلىك ھەرىكەت. ئۇ-
نىڭ چېتىلىش مەزمۇنى كەڭ. چېگرىدىكى
ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ھازىرقى
كۈچى چەكلىك، ھەممە جەھەتتىن ئىزدى-
نىپ بولالمايدۇ، ئۇلار كۈچنى مەركەزلەش-
تۈرۈپ، مۇھىم نۇقتىلارنى گەۋدىلەندۈ-
رۈپ، نىسپىي قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بەزى
جەھەتلەردە بۆسۈش ھاسىل قىلىپ، كۆرۈ-
نەرلىك ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن
تىرىشىشى كېرەك.

**چېگرا رايوندىكى ھەر مىللەت
خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئورتاق
تىرىشىپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قى-
لىپ، خىزمەتلەرنى پۇختا ئىشلەش
كېرەك**

غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش
مىسلى كۆرۈلمىگەن ئۇلۇغ ئىش، بۇ ۋەزى-
پىلەر مۇشكۇل بولىدىغان، لېكىن ئۈمىد-
كە تولغان ئىش. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم
رايونىنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئې-
شىكنى ئېچىۋېتىش ۋە غەربىي رايوننى
كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى
يولغا قويۇش ئەمەلىيىتىدىن شۇنى كۆرۈ-
ۋالدۇقكى، چېگرا بويىدىكى ئاز سانلىق
مىللەت رايونلىرى غەربىي رايوننى كەڭ
كۆلەمدە ئېچىش خىزمىتىنى ياخشى ئىش-
لەشتە ھەرقايسى مىللەتنىڭ كۈچىنى چو-
قۇم ياخشى مۇجەسسەملەشتۈرۈپ، ئىتتى-
پاقلىشىپ، كۈرەش قىلىپ، غەربىي را-
يوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتىن ئىبارەت بۇ-
يۈك تارىخىي بۇرچنى ئادا قىلىشقا ئورتاق
ئاتلىنىشى كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا غەر-
بىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا مۇۋەپ-
پەقىيەت قازانغىلى بولىدۇ.

(1) پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى ھە-
قىقىي كۈچەيتىش كېرەك. پارتىيىنىڭ
رەھبەرلىكى يادرولۇق كۈچ، جۇڭگودا
كومپارتىيىنىڭ يادرولۇق رەھبەرلىكى بول-
مىسا ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشتا مۇۋەپپەقى-
يەت قازىنىشتىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ،
غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتىمۇ
مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولمايدۇ. ئەلۋەت-
تە، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش-
تە ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ
غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشقا بول-
غان رەھبەرلىكى ۋە ئۇنى تەشكىللىشىنى
كۈچەيتىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە،
كەلگۈسىنى نەزەردە تۇتۇپ پىلانلاش كې-
رەك، بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرۈشكە، ئال-
دىراپ كېتىشكە بولمايدۇ. پارتىيە ئەزالى-
رىنىڭ ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى
تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، باش شۇجى جياڭ
زېمىننىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش»

توغرىسىدىكى مۇھىم ئىدىيىسىنى غەربىي
رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنىڭ ئەمەلىيە-
تىگە يېتەكچى قىلىش كېرەك.

(2) مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى يەنىمۇ
كۈچەيتىپ، جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك
تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئورتاق
گۈللىنىش كېرەك. مىللەتلەر ئىتتىپاقلى-
قى غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش-
نىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنىڭ ئوتۇقلۇق بو-
لۇشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە كاپالىتى. يې-
ڭى دەۋردە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈ-
چەيتىشتە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيە-
سىنى ئۈزلۈكسىز داۋاملاشتۇرۇش كې-
رەك؛ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى سې-
پى قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ، ئاز سانلىق
مىللەت كادىرلىرىنى كۆپلەپ تەربىيىلەش
ئىشلىتىش ۋە ئۆستۈرۈش كېرەك.

(3) ھەرقايسى مىللەتنىڭ مۇنەۋۋەر
مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە
ئۇنى جارى قىلدۇرۇپ غەربىي رايوننى كەڭ
كۆلەمدە ئېچىش جەريانىدا «ئىككى مەدە-
نىيلىك» قۇرۇلۇشىنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش
كېرەك. جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇزاق
مۇددەتلىك تەرەققىيات مۇساپىسىدە ھەر
مىللەت خەلقى ئېلىمىزنىڭ مىللەتلەر مەدە-
نىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇھىم تۆھ-
پىلەرنى قوشقان. شىنجاڭدىكى ھەر مىل-
لەت خەلقىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس.

(4) دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق تۈر قۇرۇ-
لۇشلىرى ئارقىلىق يەرلىكنىڭ مىللىي ئى-
گىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈ-
رۈش، بولۇپمۇ يەرلىكنىڭ 3 ـ كەسىپىنىڭ
تەرەققىياتى ۋە كىچىك شەھەر ـ بازار قۇ-
رۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. غەر-
بىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا دۆلەت
ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا نۇغۇن زور
قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى يولغا قويىدۇ، بۇ قۇ-
رۇلۇش تۈرلىرى شۇ يەرنىڭ ئىقتىسادىي
تەرەققىياتىغا بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك مە-
دەت بولىدۇ. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى
دۆلەتنىڭ زور تۈرلەر قۇرۇلۇشىنى چوقۇم
تەشەببۇسكارلىق بىلەن قوللاپ، زور قۇرۇ-
لۇش تۈرلىرى ئۈچۈن ھەرقايسى جەھەتلەر-
دىن ئاكتىپ مۇلازىملىق قىلىشى كېرەك.

(5) غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە
ئېچىشتا قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ
چىڭ تۇتۇش كېرەك. غەربىي رايوننى كەڭ
كۆلەمدە ئېچىش ھەدېگەندىلا قانۇنىي ئاساس-
تا ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك، مەمۇرىي
ئىشلار قانۇن بويىچە ئېلىپ بېرىلىشى، ئې-
چىشمۇ قانۇن بويىچە ئېلىپ بېرىلىشى كې-
رەك. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونو-
مىيە قانۇنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمە-
لىيلەشتۈرۈش بىلەن بىللە، ھەرقايسى جە-
ھەتلەردىكى قانۇن سىستېمىسىنىمۇ ئۈز-
لۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. مۇ-
لۈكچىلىك تۈزۈمىدىكى ئىگىلىك مەنپەئى-
تىنى قانۇن بويىچە قوغداش كېرەك. ئېكو-
لوگىيىلىك مۇھىتنى قانۇن بويىچە قوغداش
كېرەك. قانۇن نازارەتچىلىكى ۋە قانۇننىڭ
ئىجراسىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئۈز-
لۈكسىز كۈچەيتىش كېرەك.

(6) ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى-
نىڭ ئەھۋالىنى ئىچكى ئۆلكىلەر ۋە چەت
ئەللەرگە ئوبدان تونۇشتۇرۇپ ۋە تەشۋىق
قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ غەربىي را-
يوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشقا بولغان ئىشەن-
چىسىنى ئاشۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ
ئۇيۇشۇشچانلىقىنى كۈچەيتىپ، دۆلەت ئى-
چى، سىرتىدىكى كارخانىچىلار، بولۇپمۇ
يېزا ـ بازار كارخانىچىلىرىنى چېگرا بويى-
دىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا مەب-
لەغ سېلىشقا، چېگرا بويىدىكى ئاز سانلىق
مىللەت رايونلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەرەق-
قىياتىغا قاتنىشىشقا جەلپ قىلىش كېرەك.

# تۇنجى نۆۋەتلىك جۇڭگو مىللىيچە كىيىم ـ كېچەك، زىننەت بۇيۇملىرى يەرمەنكىسى

# شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ خىزمەت خاتىرىسى

*تۇنجى نۆۋەتلىك جۇڭگو مىللىيچە كىيىم ـ كېچەك، زىننەت بۇيۇملىرى يەرمەنكىسى شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى*

گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقى بىلەن، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، يۈننەن ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئۇيۇشتۇرغان تۇنجى نۆۋەتلىك جۇڭگو مىللىيچە كىيىم ـ كېچەك، زىننەت بۇيۇملىرى يەرمەنكىسى 2000 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىدىن 7 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنىگە قەدەر يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ كۇنمىڭ شەھىرىدە داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ ئۆلكە باشلىقى يولداش لى جىيايەن ئېچىلىش مۇراسىمىغا رىياسەتچىلىك قىلدى. گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى ۋۇ باڭگو يەرمەنكىنىڭ ئېچىلغانلىقىنى ئېلان قىلدى. دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى لى دېجۇ، مۇئاۋىن مۇدىرى لى جىنيۈ، مەركەزدىكى ھەرقايسى مىنىستىرلىك، كومىتېتلارنىڭ رەھبەرلىرى، يۈننەن ئۆلكىسىدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە رەھبەرلىرى ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەرقايسى ئۆلكە، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەر، ئاپتونوم رايونلارنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىگە مەسئۇل رەھبەرلىرى شۇنداقلا مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرى مۇدىرلىرى يىغىنغا قاتناشتى. شىنجاڭ 100 كىشىلىك ۋەكىللەر ئۆمىكىنى تەشكىللىدى، ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئابدۇللا ھەمدۇللا ئۆمەك باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر، دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى خې جۇڭدې مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى بولدى. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يولداش ئابدۇقادىر نەسىردىن تەكلىپ بىلەن يەرمەنكىگە قاتناشتى.

بۇ قېتىمقى يەرمەنكىنىڭ ئاساسىي مەقسىتى — مەركىزىي كومىتېت مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۇرۇپ، غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسى ۋە «چېگرا رايونىنى گۈللەندۈرۈش، خەلقنى بېيىتىش» ھەرىكىتىگە ماسلىشىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىۋىي مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشتىن ئىبارەت. بۇ قېتىمقى يەرمەنكە دۆلىتىمىز 56 مىللەتنىڭ كىيىم ـ كېچەك، زىننەت بۇيۇملىرى مەدەنىيىتىنى تۇنجى قېتىم سىستېمىلىق نامايان قىلغان مۇھىم بىر پائالىيەت بولدى. يەرمەنكە «دۆلەت ئىچىدە تۇنجى قېتىملىق، دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان پائالىيەت» دېگەن نامنى قولغا كەلتۈرۈشنى نىشان قىلىپ، كىيىم ـ كېچەك، زىننەت بۇيۇملىرى كۆرگەزمىسى، كىيىم ـ كېچەك زىننەت بۇيۇملىرى نومۇر كۆرسىتىش پائالىيىتى، مودا كىيىم ـ كېچەكلەرنى لايىھىلەش مۇسابىقىسى مودا كىيىم ـ كېچەك موھىللىرى مۇسابىقىسى، مىللىيچە كىيىم ـ كېچەك، زىننەت بۇيۇملىرى مەدەنىيىتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى، تاۋار كۆرگەزمە يىغىنى، مەھسۇلات-

لارنى تارقىتىش يىغىنى قاتارلىق يەتتە تۈرلۈك مەزمۇننى تەسىس قىلدى. يەرمەنكىگە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ نەپىس بۇيۇملىرى، كىيىم - كېچەك، زىننەت بۇيۇملىرىدىن جەمئىي 3405 قۇر 15 مىڭ پارچە يىغىلدى. مىللىيچە كىيىم - كېچەك، زىننەت بۇيۇملىرى نومۇر كۆرستىش پائالىيىتىگە 24 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەردىن كەلگەن 583 نەپەر خادىم قاتناشتى، جەمئىي 50 مەيدان نومۇر كۆرستىلدى. پۈتۈن مەملىكەتتىكى 28 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەردىن كەلگەن 590 نەپەر خادىم كىيىم- كېچەك لايىھىلەش مۇسابىقىسىغا قاتنىشىشقا تىزىملاتتى، مۇسابىقىگە قاتنىشىدىغان ماھىرلار 14 مىللەتتىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، ئۇلار لاھىيىلىگەن كىيىم رەسىمى 2177 پارچىگە، مودا كىيىم لايىھىسى 3111 يۈرۈشكە يەتتى. ئۇنىڭ ئىچىدىكى 110 نەپەر ئۇستىنىڭ 240 پارچە كىيىم رەسىمى، 401 يۈرۈش مودا كىيىم - كېچەك لايىھىسى تەييارلىق مۇسابىقىسى ۋە ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىسىگە قاتناشتى. بۇ نۆۋەتلىك مودېللار مۇسابىقىسىگە پۈتۈن مەملىكەتتىكى 25 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەردىن كەلگەن 581 نەپەر ماھىر قاتناشتى، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئاز سانلىق مىللەت ماھىرلىرى 112 نەپەر بولۇپ، 18 مىللەتتىن تەركىپ تاپقان. مۇسابىقىدىكى دەسلەپكى باھالاش ئارقىلىق، 19 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەردىن كەلگەن 72 نەپەر ماھىر تەييارلىق ۋە ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىسىگە كىردى. ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر 20 نەپەر بولۇپ، 12 مىللەتتىن تەركىپ تاپقان. «كىيىم - كېچەك، زىننەت بۇيۇملىرى يەرمەنكىسى» ئىجرائىيە كومىتېتى دۆلىتىمىز ئىچى ۋە سىرتىدىن كەلگەن ئىلمىي ماقالىدىن جەمئىي 210 پارچە تاپشۇرىۋالدى، 50 ئاپتورنى كۆنمىڭغا كېلىپ جۇڭگو مىللىيچە بۇيۇملار، زىننەت بۇيۇملىرى مەدەنىيىتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلدى.

شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى ئالدىنقى 6 تۈرلۈك پائالىيەتكە قاتناشتى، ئۆمىكىمىز ۋەزىپە ئېغىر، ۋاقىت قىس بولغان ئەھۋال ئاستىدا سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىش، ئومۇمىي ۋەزىيەتكە ئەھمىيەت بېرىش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، تۈرلۈك پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، باشقۇرىدىغان رەھبەر بولۇش، تونۇش بىرلىكى بولۇش، تەدبىر بولۇش، خىراجەت بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، كۆپچىلىكنىڭ ئورتاق تىرىشىشى ئارقىسىدا، تۇنجى نۆۋەتلىك جۇڭگو مىللىيچە كىيىم - كېچەك، زىننەت بۇيۇملىرى يەرمەنكىسىگە قاتنىشىش تۈرلۈك ۋەزىپىلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلاپ، مەملىكەتلىك تەشكىللەش كومىتېتى تارقاتقان سەككىز تۈرلۈك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئۇلار، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر، دىن ئىشلىرى كومىتېتى ئېرىشكەن ئەڭ ياخشى تەشكىللەش مۇكاپاتى ۋە تۆھپە قوشۇش مۇكاپاتى؛ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللىيچە كىيىم - كېچەك، زىننەت بۇيۇملىرى كۆرگەزمىسى ئېرىشكەن ئەڭ ياخشى كۆرگەزمە بۇيۇملىرى مۇكاپاتى، ئەڭ ياخشى لايىھەلەش مۇكاپاتى ۋە ئەڭ ياخشى كۆرگەزمە مۇكاپاتى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 10 مىللەتنىڭ كىيىم - كېچەك، زىننەت بۇيۇملىرىنى كىيىپ نومۇر كۆرستىشتە قولغا كەلتۈرۈلگەن ئەڭ ياخشى نومۇر كۆرسىتىش مۇكاپاتى ۋە نومۇر كۆرستىش بويىچە مۇنەۋۋەر تەشكىللەش مۇكاپاتى، ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىگە تاللىنىپ قاتناشقان ئىككى نەپەر مودېلنىڭ بىرىسى مەملىكەت بويىچە 10 ياخشى مودېلنىڭ بىرىسى بولۇپ باھالان-

دى. پۈتۈن مەملىكەتتىكى 34 ۋەكىللەر
ئۆمىكى ئىچىدە، يۈننەن، شىنجاڭ، شى-
زاڭ، ئىچكى موڭغۇل ۋەكىللەر ئۆمىكى-
نىڭ ئومۇمىي نومۇرى بىرىنچى ئورۇندا
تۇردى، ساھىبخان يۈننەن ئۆلكىسى ۋەكىل-
لەر ئۆمىكى بىرىنچى ئورۇنغا، شىنجاڭ
ۋەكىللەر ئۆمىكى ئىككىنچى ئورۇنغا تى-
زىلدى. بۇ نەتىجىلەرنىڭ قولغا كەلتۈرۈل-
گەنلىكى پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ
پۈتۈنلەي توغرىلىقىنى، ش ئۇ ئا ر پارت-
كوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مىللەتلەر، مە-
دەنىيەت خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت
بەرگەنلىكىنى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت
خەلقىنىڭ كىيىم - كېچەك، زىننەت بۇ-
يۇملىرىنىڭ رەڭدارلىقىنى، كىيىم - كې-
چەك، زىننەت بۇيۇملىرى مەدەنىيىتىنىڭ
ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى تولۇق
چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

## 1. تەييارلىق خىزمىتىنىڭ ئاسا-سي ئەھۋالى

بۇ يىل 3 - ئاينىڭ ئوتتۇرلىرى،
تۇنجى نۆۋەتلىك جۇڭگو مىللىيچە كىيىم -
كېچەك، زىننەت بۇيۇملىرى يەرمەنكىسى
تەشكىللەش كومىتېتى كۇنمىڭدا تۇنجى قې-
تىم يىغىن ئاچقاندىن كېيىن، شىنجاڭ
ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر، دىن
ئىشلىرى كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسى دوك-
لاتتىن ۋاقتىدا خەۋەردار بولدى ھەمدە
شىنجاڭنىڭ كىيىم - كېچەك، زىننەت بۇ-
يۇملىرى يەرمەنكىسگە قاتنىشىش لايىھى-
سىنى مۇزاكىرە قىلىپ ئوتتۇرىغا قويدى.
4 - ئاينىڭ باشلىرى، ئاپتونوم رايونلۇق
مىللەتلەر، دىن ئىشلىرى كومىتېتى ئاپتو-
نوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يولداش ئاب-
دۇقادىر نەسىردىن قاتارلىق ئالاقىدار رەھ-
بەرلەرگە مەخسۇس تېمىدا دوكلاد سۇندى.
4 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، شىنجاڭ تەييار-
لىق كۆرۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى تۇنجى
قېتىم يىغىن ئېچىپ، ئاپتونوم رايونلۇق
مىللەتلەر، دىن ئىشلىرى كومىتېتى، مە-
دەنىيەت نازارىتى، مالىيە نازارىتى، توقۇ-
مىچىلىق نازارىتى، يىنىك سانائەت نازارى-
تى، ئىقتىساد - سودا نازارىتى قاتارلىق
ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرىدىن تەشكىللەنگەن
تەييارلىق خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپى-
سى قۇرۇلدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق
ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىبى يول-
داش ئارىپ رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ
باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر،
دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى،
پارتگۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى يول-
داش ئابدۇللا ھەمدۇللا رەھبەرلىك گۇرۇپ-
پىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قوشۇمچە ۋە-
كىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى بولدى، تەييار-
لىق كۆرۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىش-
خانىسى ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر، دىن
ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ تەشۋىقات - مائا-
رىپ باشقارمىسىدا تەسىس قىلىندى، ئاپتو-
نوم رايونلۇق مىللەتلەر، دىن ئىشلىرى كو-
مىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ۋەكىللەر
ئۆمىكىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى يولداش خې
جۇڭدې تەييارلىق كۆرۈش رەھبەرلىك گۇ-
رۇپپىسى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپى-
سىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى. بەنگوڭ-
تىڭنىڭ تارمىقىدا يەنە كۆرگەزمە، نومۇر
كۆرسىتىش گۇرۇپپىسى ۋە مۇسابىقە،
كۆرگەزمە قىلىپ سېتىش گۇرۇپپىسى تە-
سىس قىلىندى. يىغىندىن كېيىن، ئاپتو-
نوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بەنگوڭتىڭى
تەييارلىق كۆرۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى
ئىشخانىسىنىڭ تۇنجى يىغىنىنىڭ خاتىرى-
سىنى تۆۋەنگە تارقاتتى. ئاپتونوم رايون
مالىيىسىدە ئىنتايىن قىيىنچىلىق بولۇۋات-
قان ئەھۋال ئاستىدا، ئاپتونوم رايوننىڭ
رەئىسى يولداش ئابلەت ئابدۇرېشىت مالىيە

نازارىتىنىڭ مىللىيچە كىيىم- كېچەك،
زىننەت بۇيۇملىرى يەرمەنكىسىگە قاتنى-
شىش خىراجىتى ئۇچۇن 500 مىڭ يۈەن
ئاجرىتىپ بېرىشىگە تەستىقى يولىيورۇق
بەردى، كېيىن يەنە موڭغۇل ۋە خۇيزۇلار-
نىڭ كىيىم - كېچەك، زىننەت بۇيۇملىرى
ۋە نومۇر كۆرسىتىش خادىملىرى قوشۇلغان-
دىن كېيىن، يەنە 140 مىڭ يۈەن ئاجرى-
تىپ بېرىپ، تۇرلۇك تەييارلىق خىزمەتلى-
رىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپا-
لەتلىك قىلدى. ئارقىدىنلا ئاپتونوم رايون-
لۇق تەييارلىق كۆرۈش رەھبەرلىك گۇرۇپ-
پىسى ئىككىنچى قېتىم يىغىن ئاچتى ھەم-
دە يىغىنغا بەش ۋىلايەت، ئوبلاستىكى مىل-
لەتلەر، دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇ-
دىرلىرىنى قاتناشتۇردى. يىغىندا كىيىم -
كېچەك، زىننەت بۇيۇملىرىنى يىغىش، تى-
كىش، ياسىتىش، كىيىم - كېچەك نومۇر-
لىرىنى كۆرسىتىدىغان خادىملارنى تاللاش
ۋە ئۇلارنى بىر يەرگە يىغىپ مەشق قىلدۇ-
رۇش قاتارلىق خىزمەتلەر يەنىمۇ ياخشى ئو-
رۇنلاشتۇرۇلدى. 4 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن
باشلاپ، تەييارلىق كۆرۈش رەھبەرلىك گۇ-
رۇپپىسى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ۋە مۇئا-
ۋىن مۇدىرى ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلىنىپ
شىمالىي ۋە جەنۇبىي شىنجاڭغا بېرىپ، ۋى-
لايەت، ئوبلاست، ناھىيە، شەھەر، يېزىلار
بىلەن بىرلىكتە شىنجاڭدىكى ئون مىللەت-
نىڭ كىيىم - كېچەك، زىننەت بۇيۇملىرى-
نى يىغىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى.
شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تەييارلىق كۆ-
رۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى-
دىكى باشقا يولداشلار ئۇرۇمچىدىكى ئالاق-
دار ئورۇنلاردا، كۆرگەزمە قىلىنىدىغان
بىر قىسىم كىيىم- كېچەك، زىننەت بۇ-
يۇملىرىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش، تىزىم-
لاش خىزمىتىنى ئىشلىدى. تەييارلىق كۆ-
رۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى
تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ پىلان بويىچە ئېلىپ
بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن،
كۆپ قېتىم ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، جايلار-
نىڭ بۇ خىزمەتكە بولغان رەھبەرلىكىنى ھە-
قىقىي كۈچەيتىشنى، تۈرلۈك تەييارلىق
خىزمىتى ۋەزىپىلىرىنى سان، سۈپەتكە كا-
پالەتلىك قىلغان ھالدا ۋاقتىدا ئورۇنلىشى-
نى ھەمدە خىزمەت سالمىقىنى زورايتىپ،
ھەرقايسى تارماقلار ئارا ماسلىشىش، ھەم-
كارلىشىشنى كۈچەيتىشنى تەلەپ قىل-
دى. مەسىلەن، شىمالىي شىنجاڭ خىزمەت
گۇرۇپپىسى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى-
دا خىزمەت ئىشلەۋاتقان مەزگىلدە، ئاپتو-
نوم ئوبلاستىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھ-
بەرلىرى سۆھبەت يىغىنىغا قاتنىشىپ خىز-
مەت گۇرۇپپىسىنىڭ پىكىرىنى ئەستايىدىل
ئاڭلىدى ھەمدە ھەرقايسى فۇنكسىيىلىك
تارماقلارنىڭ بۇ خىزمەتكە يۇكسەك دەرىجى-
دە ئەھمىيەت بېرىپ، يۇقىرىدىن چۈشۈ-
رۈلگەن تۈرلۈك تەييارلىق خىزمىتى ۋەزى-
پىلىرىنى ۋاقتىدا ئورۇنلىشىنى تەلەپ قىل-
دى. ئىلى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، رادىئو
ئىستانسىسى بۇ توغرىدا خەۋەر بەردى. ئالا-
قىدار ناھىيىلەرنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى-
مۇ خىزمەتچىلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئې-
نىق خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى ۋە ئۇنى ئورۇن-
لاش مۇددىتىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ ھەر
دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەتلەرنىڭ كىيىم
- كېچەك، زىننەت بۇيۇملىرى يەرمەنكى-
سىگە ئەھمىيەت بېرىپ، يەرمەنكىنىڭ كى-
شىلەر ئارىسىدىكى تەسىرىنى كېڭەيتكەن-
لىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ. خىزمەت
ئۆمىكىدىكىلەر دەم ئېلىشتىن ۋاز كېچىپ،
ۋەلىسىپىت بىلەن شەھەر بازىرىدا ئولتۇ-
رۇشلۇق دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئائىلى-
سىگە بېرىپ، كىيىم- كېچەك، زىننەت
بۇيۇملىرىنى تەكشۈردى ۋە يىغدى. جايلار
كىيىم - كېچەك، زىننەت بۇيۇملىرىنى يە-

غىش جەريانىدا بەزى بىر قىيىنچىلىقلارغى-
مۇ دۇچ كەلدى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ
ئەنئەنىۋىي كىيىم ـ كېچەك، زىننەت بۇ-
يۇملىرى «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دەۋرىدە
«تۆت كونا» قاتارىدا كۆيدۈرۈلۈپ ۋە يىغى-
ۋېلىنىپ ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا
ئۇچرىغان، ساقلىنىپ قالغان بەزى ئاز
سانلىق مىللەت كىيىم ـ كېچەك، زىننەت
بۇيۇملىرىنى ساقلىغۇچىلار ئۇنى بېرىپ تو-
رۇشقا ئۇنىمىغان. ئەمما خىزمەت گۇرۇپ-
پىسىدىكىلەر كۆپ قېتىم ئۇلارنىڭ ئۆيىگە
بېرىپ، كىيىم ـ كېچەك، زىننەت بۇيۇم-
لىرى يەرمەنكىسىنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى
قايتا ـ قايتا تەشۋىق قىلىپ، سەۋرچانلىق
بىلەن ئىنچىكە خىزمەت ئىشلەش ئارقى-
لىق، ئەڭ ئاخىرى ئۇلارنىڭ چۈشىنىشىنى
ۋە قوللىشىنى قولغا كەلتۈردى. جەنۇبىي
شىنجاڭ ۋە شىمالىي شىنجاڭ خىزمەت گۇ-
رۇپپىسىدىكىلەر بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت-
تىن پايدىلىنىپ، ئالتە ۋىلايەت، ئوب-
لاست، 22 ناھىيە، شەھەر، ئون نەچچە
مىللىي يېزىغا ۋە ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك
سەنئەت ئۆمىكى، مەدەنىيەت يۇرتى، ئاممى-
ۋىي سەنئەت سارىيى، مەكتەپ، باللار
باغچىسى قاتارلىق ئورۇنلارغا بېرىپ، ئون
نەچچە مىڭ چاقىرىم يول يۈرۈپ، كىيىم
ـ كېچەك، زىننەت بۇيۇملىرىنى يىغىش،
تىكتۈرۈش، ياسىتىش ۋە نومۇر كۆرستى-
دىغان خادىملارنى تاللاش خىزمىتىنى ئو-
ڭۇشلۇق ئورۇندىدى. بۇنىڭدىن باشقا، تەي-
يارلىق كۆرۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى
ئىشخانىسى نەچچە قېتىم ئاپتونوم رايونلۇق
مۇزېي، ئوپېرا ئۆمىكى، دراما ئۆمىكى،
كىنو ستودىيىسى قاتارلىق ئورۇنلارغا بې-
رىپ مىللىيچە كىيىم ـ كېچەك، زىننەت
بۇيۇملىرىنى تەكشۈرۈپ ۋە تىزىملاپ،
كۆرگەزمە قىلىنىدىغان كىيىم ـ كېچەك،
زىننەت بۇيۇملىرىنى يىغىش ۋەزىپىسىنى
ئورۇنلاش ئۈچۈن ياخشى ئاساس سالدى.

ئالاقىدار تارماقلارنىڭ پائال قاتنىششى،
زىچ ماسلىششى ۋە خىزمەتچى خادىملارنىڭ
ئورتاق تىرىششى ئارقىسىدا، ئاپتونوم را-
يونىمىزدىن ئون مىللەتنىڭ كۆرگەزمە قى-
لىنىدىغان كىيىم- كېچەك، زىننەت بۇيۇ-
مىدىن جەمئىي 103 قۇر 504 پارچە يىغىل-
دى. ئۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلارنىڭ 21 قۇر
86 پارچە، قازاقلارنىڭ 14 قۇر 113 پار-
چە، موڭغۇللارنىڭ 12 قۇر 46 پارچە،
قىرغىزلارنىڭ 6 قۇر 32 پارچە، شىبەلەر-
نىڭ 16 قۇر 113 پارچە، تاجىكلارنىڭ 4
قۇر 28 پارچە، ئۆزبېكلەرنىڭ 8 قۇر 30
پارچە، تاتارلارنىڭ 6 قۇر 12 پارچە، رۇس-
لارنىڭ 11 قۇر 23 پارچە، خۇيزۇلارنىڭ
5 قۇر 21 پارچە كىيىم ـ كېچەك، زىننەت
بۇيۇملىرى بار. نومۇر كۆرستىشكە ئىش-
لىتىلىدىغان كىيىم- كېچەك، زىننەت بۇ-
يۇملىرىنى تىكتۈرۈش، ياسىتىش، ئىجارى-
گە ئېلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ يىغدۇق.
تىكتۈرۈش، ياسىتىشنى ئاساس قىلىپ
130 قۇر 600 پارچىدىن ئارتۇق كىيىم ـ
كېچەك، زىننەت بۇيۇمىغا ئىگە بولدۇق.
ئون مىللەتنىڭ كىيىم ـ كېچەك، زىننەت
بۇيۇملىرى بىلەن نومۇر كۆرستىدىغان خا-
دىملار جەمئىي 56 ئادەم بولۇپ، ئايرىم ـ
ئايرىم ھالدا ئۇيغۇرلاردىن 16كىشى (بىر
سۇنايچى ۋە بىر ناغرىچىنى ئۆز ئىچىگە ئا-
لىدۇ)، قازاقلاردىن 8 كىشى، قىرغىزلار-
دىن 6 كىشى، شىبەلەردىن 6 كىشى، تا-
جىكلاردىن 4 كىشى، ئۆزبېكلەردىن 2 كى-
شى، تاتارلاردىن 2 كىشى، رۇسلاردىن 2
كىشى، موڭغۇللاردىن 4 كىشى، خۇيزۇلا-
ردىن 4 كىشى، باشلاپ بارغۇچى 1 كىشى،
تۈزگۈچى ۋە رېژىسسور 1 كىشى بار. ھەر
مىللەت نومۇر كۆرسەتكۈچى خادىملار 6 ـ
ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىن باشلاپ ئۈرۈمچىگە
يىغىلىپ بىر تۇتاش مەشق قىلدۇرۇلدى.

ئەڭ گۈزەل جاي يەنىلا بىزنىڭ شىنجاڭ ئاساسىي تېما قىلىنغان نومۇر يەنىلا ئەڭ ياخشى نومۇر دەپ قارىلىپ، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ناخشا - ئۇسسۇللىرى ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ ئىسىل كىيىم - كېچەك، زىننەت بۇيۇملىرى مەدەنىيىتى سەنئەت تۇسىدە نامايان قىلىندى. كىيىم - كېچەك، زىننەت بۇيۇملىرى مەدەنىيىتى مۇھاكىمە يىغىنى جەمئىي 8 پارچە ماقالە تاپشۇرۇۋالدى، مەملىكەتلىك تەشكىلىي كومىتېتنىڭ باھالىشى ئارقىسىدا، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى يولداش جىن دېكېنىڭ «موڭغۇللارنىڭ كىيىم - كېچەك، زىننەت بۇيۇملىرى ۋە ئەنئەنىۋىي قول ھۈنەرۋەنچىلىكى» دېگەن ماقالىسى مۇھاكىمە يىغىنىغا تاللاندى. مودا كىيىملەرنى لايىھىلەش مۇسابىقىسىگە 7 ئادەمنىڭ 45 ئەسىرى يىغىۋېلىندى، تەشكىلىي كومىتېتنىڭ تەكشۈرۈپ باھالىشى ئارقىسىدا، ئىككى ماھىرنىڭ ئەسىرى تاللاندى. ئاپتونوم رايونىمىز 7 مىللەتتىن تەركىب تاپقان 22 قىز - يىگىتنى مودېللىققا كۆرسەتتى، مەملىكەتلىك تەشكىلىي كومىتېتنىڭ دەسلەپكى باھالىشى ئارقىسىدا، ئىككى نەپەر ئۇيغۇر يىگىت مودېل قايتا مۇسابىقە ۋە ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىگە قاتناشتى. بۇنىڭدىن باشقا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يەتتە كارخانا بۇ نۆۋەتلىك يەرمەنكىنىڭ تاۋارلار كۆرگەزمىسىگە قاتناشتى.

## 2. يەرمەنكە ئەھۋالى

شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ تۇنجى تۈركۈمدىكى خىزمەتچى خادىملىرى 6 - ئاينىڭ 16 - كۈنى مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى خې جۈڭدېنىڭ يېتەكچىلىكىدە پويىز بىلەن يولغا چىقىپ، 5 - كۈنى كۈنمىڭ شەھىرىگە يېتىپ باردى. ئۇلار ھېرىپ چارچىغىنىغا قارىماي جىددىي ھەم تەرتىپلىك بولغان كۆرگەزمە تەييارلىقى خىزمىتىگە كىرىشىپ كەتتى. ھاۋا كىلىماتىغا ماسلىشالمىغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە زىيادە چارچاپ كەتكەنلىكتىن بىر نەچچەيلەن ئاغرىپ يېتىپ قالدى، ئەمما ئۇلار قەيسەرلىك بىلەن ئېلىنىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، يۈكسەك دەرىجىدىكى كەسپچانلىق ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى بىلەن ئاغرىق ھالەتتە خىزمەتنى داۋاملاشتۇردى. ئىلى ئوبلاستلىق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مەلۇم بىر باشقارمىسىنىڭ باشلىقى گۈلىمە يېرىم كۈن ئاسما ئوكۇل ئاستۇرۇپ، يېرىم كۈن ئىشلەپ، ئۆزى باشلامچى بولۇپ كۆپچىلىككە ئۈلگە بولدى. كۆپچىلىكنىڭ ئورتاق تىرىشىشى ئارقىسىدا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كۆرگەزمىنى بېزەش ۋەزىپىسى مۇددەتتىن ئىلگىرى ئورۇنلىنىپ، تەشكىلىي كومىتېتنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى 100 ئادەمنىڭ ھەممىسى كۈنمىڭغا بېرىپ بولدى. 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى چۈشتىن ئىلگىرى، تۇنجى نۆۋەتلىك جۇڭگو مىللىيچە كىيىم - كېچەك، زىننەت بۇيۇملىرى يەرمەنكە يىغىنى كۈنمىڭ خەلقئارا سودا مەركىزىدە داغدۇغىلۇق ئېچىلدى. يەرمەنكىگە قاتنىشىش كۆلىمى ساھىبخان يۇننەن ئۆلكىسىنىڭ كەينىدىلا تۇرىدىغان شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى ھەممەيلەننىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلدى. ئېچىلىش مۇراسىمىدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت نومۇرلىرى ئىچىدە، شىنجاڭدىكى 10 مىللەتنىڭ كىيىم - كېچىكىنى كەيگەن 50 نەپەر قىز - يىگىت ئۆزگىچە ئۇسسۇللىرى ئارقىلىق شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىسىل ئەنئەنىۋىي مەدەنىيىتىنى ۋە دەۋر روھى قىياپىتىنى نامايان قىلدى. قىسقىلا ئېچىلىش مۇراسىمىدىن كېيىن،

مۇئاۋىن زوڭلى ۋۇباڭگو دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، يۈننەن ئۆلكەلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ ھەمرالىقىدا، شىنجاڭدىكى 10 مىللەتنىڭ كىيىم - كېچەك، زىننەت بۇيۇملىرى كۆرگەزمىسىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدى ھەمدە يۇقىرى باھا بەردى. بولۇپمۇ چىلىك سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر قۇمۇل ۋاڭنىڭ مەرىكە كىيىمى، چىلىك سۇلالىسى دەۋرىدىكى قازاقلار كەيگەن بۆغا تېرىسىدىن تىكىلگەن چاپان ۋە چىلىك سۇلالىسى دەۋرىدىكى قىرغىزلار كەيگەن كەشتىلىك مۇراسىم كىيىمى كۆپچىلىكنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىدى. دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىرى «شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك تەييارلىق خىزمەتلىرى ناھايىتى پۇختا ئىشلىنىپتۇ، شىنجاڭ بۇ قېتىملىق يەرمەنكە ئۈچۈن زور تۆھپە قوشتى» دەپ نەچچە قېتىم ماختىدى. مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ۋەكىللەر ۋە كۆنمىڭ شەھىرىدىكى ھەر مىللەت ئاممىسى شىنجاڭنىڭ كىيىم - كېچەك، زىننەت بۇيۇملىرىغا ناھايىتى قىزىقتى. بىر ئايال كۆرگەزمىنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن مۇخبىرغا: «شىنجاڭ ناھايىتى گۈزەل جاي، ئىلگىرى بىز تېلېۋىزور، گېزىت قاتارلىق ئاخبارات ۋاستىلىرى ئارقىلىق شىنجاڭنى چۈشەنگەن ئىدۇق، بۈگۈن شىنجاڭنىڭ كىيىم - كېچەك، زىننەت بۇيۇملىرى كۆرگەزمىسىنى كۆرۈپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە بولغان چۈشەنچەم، شىنجاڭغا بولغان تونۇشۇم تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى» دەيدۇ. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇقادىر نەسىردىن مۇخبىرلارنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا: «بىز شىنجاڭدا ياشايدىغان 10 مىللەتنىڭ 100 قۇر 500 نەچچە پارچە كىيىم - كېچەك، زىننەت بۇيۇملىرىنى تاللاپ يەرمەنكىگە قاتناشتۇردۇق، ئۇنىڭ ئىچىدە چىلىك سۇلالىسى دەۋرىگە تەۋە بولغان بۇيۇملار ئاز ئەمەس، بەزىلىرى 400 نەچچە يىللىق تارىخقا ئىگە بولۇپ، قىممىتى زور. مەن بۇ قېتىمقى يەرمەنكىنىڭ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى جارى قىلدۇرۇش ۋە غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشقا ماسلىشىش شۇنداقلا شىنجاڭنىڭ زور تەرەققىياتىدا پائال رول ئوينايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. بىز شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى بۇ قېتىمقى يەرمەنكىنىڭ تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرىمىز» دەيدۇ.

7 - ئاينىڭ 2 - كۈنى كەچتە، شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى كۆنمىڭ شەھىرىدىكى چۇنچېڭ (باھار شەھىرى) تىياتىرخانىسىدا تۈنجى مەيدان نومۇر كۆرسەتتى. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇقادىر نەسىردىن، شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئۆمەك باشلىقى ئابدۇللا ھەمدۇللا، مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى خې جۇڭدېلار تەشكىلىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن بىرلىكتە نومۇرلارنى كۆردى. فۇجىيەن، خېنەن، خېيلۇڭجياڭ، شىنجاڭ قاتارلىق تۆت ئۆلكە، ئاپتونوم رايوننىڭ كىيىم - كېچەك نومۇرلىرىنى كۆرسىتىش ئەترىتى بىرلا ۋاقىتتا سەھنىگە چىقىپ نومۇر كۆرسەتتى. شىنجاڭنىڭ مول ۋە رەڭدار بولغان مىللىيچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان كىيىم - كېچەك، زىننەت بۇيۇملىرى نومۇرى زالدىكى پۈتكۈل تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى.

جىنبى مەيدانى شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى كۆنمىڭ شەھىرىدە مەخسۇس مەيدان نومۇر كۆرسەتكەن تۈنجى بىكەت، ئويۇن باشلىنىشى بىلەن تەڭ يامغۇر يېغىشقا باشلايدۇ، شىنجاڭدىن كەلگەن ھەر مىللەت سەنئەتچىلىرى كۆتىرەڭگۈ روھ بىلەن يام-

غۇرغا قارىماي ئويۇننى داۋاملاشتۇرىدۇ.
مەيداندىكى 2000 غا يېقىن تاماشىبىن
شىنجاڭنىڭ مىللىيچە كىيىم - كېچەك،
زىننەت بۇيۇملىرى نومۇر كۆرسىتىش ئەت-
رىتىنىڭ تەۋرەنمەس روھى، ئىسىل ئىس-
تىلى ۋە كامالەتكە يەتكەن نومۇرلىرىدىن
چوڭقۇر تەسىرلىنىدۇ. بىر پېشقەدەم يول-
داش ئويۇننى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن
خوشال هالدا: «يۇننەنمۇ كۆپ مىللەتلىك
رايون بولسىمۇ، ئەمما شىنجاڭدىكى ھەر-
قايسى مىللەتلەرنىڭ كىيىم - كېچەك،
زىننەت بۇيۇملىرى نومۇرىنى بىرىنچى قې-
تىم كۆرۈشۈم، مېنىڭچە ئۇلار بىر ئائىلە
كىشىلىرىدەك ئىتتىپاق ئىكەن، مەن مىل-
لەتلەر چوڭ ئائىلىسىدە ياشاۋاتقانلىقىمدىن
چەكسىز پەخىرلىنىمەن» دەيدۇ. شىنجاڭ
ۋەكىللەر ئۆمىكى كۇنمىڭدىكى مەزگىلىدە
جەمئىي 10 مەيدان كىيىم - كېچەك نومۇ-
رىنى كۆرسەتتى، ھەربىر مەيدان تاماشى-
بىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى،
ھەر قېتىم ئويۇن ئاياغلاشقاندا تاماشىبىنلار
ئالدىغا چىقىپ، ھېسسىياتىنى باسالمىغان
هالدا شىنجاڭلىق ھەر مىللەت ئارتىسلىرى
بىلەن خاتىرە رەسىمگە چۈشتى. مىللىيچە
مودا كىيىم مودېللار مۇسابىقىسىدە، ئاپتو-
نوم رايونىمىزدىن بارغان ئىككى نەپەر ئۇي-
غۇر يىگىتى نەچچە يىللىق سەھنە تەجرىبى-
سىگە ئىگە بولغان، پۈتۈن مەملىكىتىمىز-
نىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن 70
نەچچە ماھىر ئالدىدا قىلچە تەمتىرىمەي،
مەردانىلىك بىلەن جەڭ ئېلان قىلىپ،
«پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئون ياخشى مو-
دېل» دېگەن شەرەپنى قولغا كەلتۈرۈپ،
شىنجاڭ خەلقىگە شەرەپ كەلتۈردى. ۋە-
كىللەر ئۆمىكىدىكى يولداشلار كۇنمىڭدىكى
مەزگىلىدە ئۆزئارا ئىتتىپاق بولۇپ، جاپا-
مۇشەققەتتىن قورقماي، قەيسەرلىك بىلەن
ئېلىشىش روھى بىلەن، ھەر مىللەت ئويۇن

قويغۇچى خادىملارنىڭ كۈچلۈك ھەرىكەت-
لىنىدۇرگۈچ كۈچىگە ئايلاندى.

### 3. بىر نەچچە تەسىرات

تۈنجى نۆۋەتلىك جۇڭگو مىللىيچە كى-
يىم - كېچەك، زىننەت بۇيۇملىرى يەرمەن-
كىسىنىڭ ئېچىلىشى — ھەرقايسى مىللەت-
لەرنىڭ ئىسىل ئەنئەنىۋي مەدەنىيىتىنىڭ
بىر قېتىملىق مەركەزلىك نامايەندە قىلىنى-
شى شۇنداقلا مىللىي مەدەنىيەت تەرەققىيا-
تىنىڭ يېڭى باشلىنىش نۇقتىسى ھېسابلى-
نىدۇ. بۇ قېتىمقى يەرمەنكە ئارقىلىق،
مىللىي مەدەنىيەت خىزمىتىنىڭ مۇھىملى-
قىغا بولغان تونۇشىمىز يەنىمۇ چوڭقۇرلاپلا
قالماستىن، بەلكى يەنە بىز ئاز سانلىق
مىللەتلەرنىڭ ئىسىل ئەنئەنىۋي مەدەنىيى-
تىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى جارى قىل-
دۇرۇشتا كۆپ خىللىشىش، كۆلەملى-
شىش، كەسىپلىشىش يولىدا مېڭىشنىڭ
زۆرۈرلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتۇق. بىز
چوقۇم مىللىي مەدەنىيەت خىزمىتىگە بول-
غان رەھبەرلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مىل-
لىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا بولغان سېلىن-
منى تىرىشىپ ئاشۇرۇپ، ئىقتىساد بىلەن
مەدەنىيەتنىڭ ماس تەرەققىي قىلىشىنى ئە-
مەلگە ئاشۇرۇپ، كىيىم - كېچەك، زىن-
نەت بۇيۇملىرى، ئېكولوگىيىلىك مەنزى-
رە، ئېتنوگرافىيە قاتارلىق ھەرقايسى مىل-
لەتلەرنىڭ ئۆزگىچە مەدەنىيەت بايلىقلىرى-
نى ئىقتىسادىي ئەۋزەللىككە ئۆزگەرتىشى-
مىز كېرەك. بولۇپمۇ مىللەتلەرنىڭ ئى-
سىل ئەنئەنىۋي مەدەنىيىتىنى قوغداش،
رەتلەشكە مىللەتلەرنىڭ ئىسىل ئەنئەنىۋي
مەدەنىيىتىنى تەشۋىق قىلىش سالمىقىنى ئا-
شۇرۇشقا، مىللەتلەر ئارا ئۆگىنىش ۋە ئال-
ماشتۇرۇشنى كۈچەيتىشكە ئەھمىيەت بې-
رىپ، مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋي مەدەنىيە-

(ئاخىرى 33 - بەتتە)

خەن بىڭ

# دىن خىزمىتىنى غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش كېرەك

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيەتنى نەزەردە تۇتۇپ چىقارغان غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتىن ئىبارەت ئىستراتېگىيىلىك قارارى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەتتا پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ مۇھىم خىزمىتىگە ئايلاندى. شىنجاڭ كۆپ مىللەتلىك، كۆپ دىنلىق رايون، شىنجاڭدا دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما كۆپ، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقالغان. دىن خىزمىتىنى غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتا، باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ دىن خىزمىتى توغرىسىدىكى «ئۈچ جۈملە سۆز» يەنى: «پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك، توغرا، ئىزچىل ئىجرا قىلىش كېرەك، دىن ئىشلىرىغا بولغان باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىش كېرەك، دىنىنى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىشقا پائال يېتەكلەش كېرەك» نى ئىزچىللاشتۇرۇشتا داۋاملىق چىڭ تۇرۇش كېرەك. «ئۈچ جۈملە سۆز» نى ياخشى ئىزچىل ئىجرا قىلغاندىلا، ئاندىن دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ كەڭ كۆلەمدە ئېچىش، تەرەققىي قىلدۇرۇش كۈرىشىگە قاتنىشىش ئاكتىپچانلىقىنى كەڭ كۆلەمدە سەپەرۋەر قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشقىلى بولىدۇ.

پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ دىققىتىنى غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش قۇرۇلۇشىغا قارىتىش لازىم.

دىن بىر خىل ئىدىيىۋى كۆزقاراش، شۇنداقلا بىر خىل ئىجتىمائىي ھادىسە. دىن نەچچە مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە، ئۇ ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىدە دىنىي قاراش پەيدا بولغاندىن باشلاپ، ئۇ ئىپتىدائىي جەمئىيەت، قۇللۇق جەمئىيەت، فېئوداللىق جەمئىيەت، كاپىتالىستىك جەمئىيەت ۋە سوتسىيالىزم جەمئىيىتىنى بېسىپ ئۆتتى. دىنىنىڭ ئوخشاش بولمىغان جەمئىيەتلەردە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىشىنى ئۇنىڭ پەيدا بولۇش، تەرەققىي قىلىش، يوقۇلىشتەك تارىخىي قانۇنىيىتى بەلگىلىگەن. دىنىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ ھەربىر باسقۇچىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىغانلىقى ئۇنىڭ شۇ تارىخىي باسقۇچلاردا يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، تەرەققىي قىلىش شارائىتىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. سوتسىيالىزم مەزگىلى كوممۇنىزم جەمئىيىتىگە قاراپ ماڭىدىغان دەسلەپكى باسقۇچ، دىن بۇ جەمئىيەت تارىخىي باسقۇچىدا يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش شارائىتىغا ئىگە بولغانلىقتىن، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار مەلۇم دەرىجىدە كۆپىيىدۇ، ھەمدە دىنىنىڭ ماس تەرەققىي قىلىشىنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدۇ. پارتىيىمىزنىڭ دىن سىياسىتى ماركسىزمنىڭ دىن مەسىلىسى توغرىسىدىكى نەزەرىيىسىنى ئاساس قىلىپ، دىنىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە دىنىنىڭ

ئۇزۇن مۇددەتلىكى، ئاممىۋىيلىقى، مىللىيلىكى، مۇرەككەپلىكى ۋە خەلقئارالىقىدىن ئىبارەت ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن تۈزۈپ چىقىلغان. بۇ سىياسەتنىڭ يولغا قويۇلۇش جەريانى ئۇنىڭ ئېلىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە، دىنىنىڭ تارىخىي قانۇنىيىتىگە، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەنلىكىنى ھەمدە ئۇنىڭ پۈتۈنلەي توغرىلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى.

پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنىڭ يادروسى — ئېتىقاد ئەركىنلىكىدۇر. دىنغا ئېتىقاد قىلىش ۋە ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكى قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ. سوتسىيالىزم تۈزۈمى ئاستىدا، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان پۇقرالار ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان پۇقرالارنىڭ ھەممىسى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىنىڭ خوجايىنلىرى بولۇپ، ئۇلار ھەممىسىنىڭ سوتسىيالىستىك ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش مەجبۇرىيىتى بار. دىنغا ئېتىقاد قىلىش ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق كىشىلەرنىڭ شەخسىي ئىشى. ھېچ كىشى ئۇنىڭغا ئارىلىشالمايدۇ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بىر - بىرىنى كەمسىتىشىگە بولمايدۇ. غەربىي قىسىمنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىلىك قارارىنى يولغا قويۇش، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىش — دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشى شۇنداقلا بىر ئومۇمىيلىق، سوتسىيالىزم پۇقرالىرى ئۇنىڭغا بويسۇنۇشى، ئۆز مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلىش كېرەك.

غەربىي قىسىمنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىلىك قارارىنى يولغا قويۇش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش تىنچ ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيەتكە مۇھتاج. پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش تۈرلۈك دىنلاردىن سىياسەت، بەلگىلىمىلەرگە رىئايە قىلىپ، سىياسەت، بەلگىلىمە بويىچە تۈرلۈك پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ، دىنىنىڭ مەمۇرىيەت، ئەدلىيە، مائارىپ قاتارلىق ئىشلارغا ئارىلاشماسلىقىنى تەلەپ قىلىدۇ، دىنىي ساھەدىكىلەر ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىدىن سىياسەت، بەلگىلىمە يول قويغان دائىرە ئىچىدە نورمال دىنىي پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ، تۈرلۈك دىنلار ئوتتۇرىسىدا، بىر دىنىنىڭ ئىچكى قىسمىدا، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىا بىلەن دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئاممىا ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا بىر - بىرىنى ھۆرمەت قىلىپ، ئىتتىپاقلىشىپ، ھەمكارلىشىپ، بىرلىكتە جەمئىيەت ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. نۆۋەتتە، غەربىي قىسىمنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش يېڭى ۋەزىيىتى ئاستىدا، پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش، دىنىي ساھەنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىتتىپاقلىق ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىا بىلەن دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئاممىا ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىش غەربىي قىسىمنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىلىك قارارىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

دىن خىزمىتى تارماقلىرى — پارتىيىنىڭ دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇشىدىكى مەسلىھەتچىسى ۋە ياردەمچىسىدۇر، شۇنداقلا ھۆكۈمەتنىڭ دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇشىدىكى فۇنكسىيىلىك ئورگىنىدۇر. پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش، پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىش، غەربىي قىسىمنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى تەشۋىق قىلىش، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئاممىنىڭ غەربىي قى-

سىمنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى تەشۋىق قىلىش، تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، كۈچنى ئۇيۇشتۇرۇش — نۆۋەتتە دىن سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، غەربىي قىسىمنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشتىكى مۇھىم خىزمەت، بۇ خىزمەتنى چىڭ، پۇختا تۇتۇش كېرەك.

دىن ئىشلىرىغا بولغان باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىپ، دىن خىزمىتىدىكى ئۈچ تۈرلۈك مۇھىم ۋەزىپىنى چىڭ تۇتۇپ، غەربىي قىسىمنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئۈچۈن يول ئېچىش لازىم.

دۆلىتىمىز قانۇنچىلىق دۆلىتى ئىجتىمائىي جامائەت ئىشلىرى جۈملىدىن دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش دۆلەتنىڭ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجى، شۇنداقلا غەربىي قىسىمنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجى. دىن ئىجتىمائىي جامائەت ئىشلىرىنىڭ تەركىبىي قىسمى، دىن باشقا ئىجتىمائىي ئىشلارغا ئوخشاش تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىشلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك. دىن جەمئىيەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئاكتىپ ئىجتىمائىي رولى بار شۇنداقلا جەمئىيەتكە نىسبەتەن پاسسىپ رولىمۇ بار. بولۇپمۇ دىنىنىڭ پاسسىپ رولى جەھەتتە، ئۇ دائىم جەمئىيەتتىكى باشقا جامائەت ئىشلىرى بىلەن ئۆزئارا ئۆرۈلۈپ جەمئىيەتنىڭ ئالغا بېسىشى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىققا تەسىر يەتكۈزىدۇ. دىنىنىڭ پاسسىپ ئامىلى بولغانلىقتىن، ئۇ ئاسانلا يامان غەرەزلىك كىشىلەر تەرىپىدىن پايدىلىنىپ كېتىلىدۇ. غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەر ئېلىمىزگە قارىتا غەربلەشتۈرۈش، پارچىلىۋېتىش سۇيقەستىنى ئېلىپ بېرىشتا دىندىن پايدىلىنىپ سىڭىپ كىرۋاتىدۇ، مىللىي بۆلگۈنچىلەر دىنىي تونغا ئورىنىۋېلىپ شۇنداقلا دىندىن پايدىلىنىپ بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. بۇ خىل ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ نورمال دىنىي تۇرمۇشى ۋە نورمال دىنىي پائالىيىتىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ بۇ خىل قىلمىشلىرى ۋە ھەرىكەتلىرى پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتىنىڭ ئىزچىل ئەمەلىيلىشىشىگە بىۋاستە توسقۇنلۇق قىلىدۇ. بۇ مەسىلىلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى دىن ئىشلىرىغا بولغان باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىشنىڭ زۆرۈرلىكى، مۇھىملىقىنى يەنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. دىن ئىشلىرىغا بولغان باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىش دىننىڭ ئىچكى قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجى، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش ۋە ئۇنىڭ بىلەن كۈرەش قىلىشنىڭ ئېھتىياجى، پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق مەنپەئەتىنى قوغداشنىڭ ئېھتىياجى شۇنداقلا ئۇ دىن خىزمىتى تارماقلىرى ئېنىق تونۇشقا ۋە چىڭ تۇتۇشقا تېگىشلىك مۇھىم خىزمەت ۋەزىپىسى.

دىن ئىشلىرىغا بولغان باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىشتە، نۆۋەتتىكى غەربىي قىسمنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنىڭ ئېھتىياجىنى چىقىش قىلىش لازىم. دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنىڭ كونكرېت ۋەزىپىسى — دىنىي ۋەزىپە ئۆتەيدىغان خادىملار، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى ۋە دىنىي پائالىيەتتىن ئىبارەت ئۈچ تۈرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىرىنچى ۋەزىپە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت دىنىي ۋەزىپە ئۆتەيدىغان خادىملارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ۋەتەننى، دىننى سۆيىدۇ، ئۇلار دىنىي پەرھىزلەرنى ئادا قىلىش جەر-

يانىدا، تەپسىر قىلىش، ۋەز ئېيتىشتىن پايدىلىنىپ، پارتىيىنىڭ تۈرلۈك سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىدۇ، ئۇلار دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى يېتەكلەپ شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشتى. ئەمما، غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش مۇقەررەر هالدا غەربىي قىسىمنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، دىنىنىڭ ئىچكى قىسمىدا يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرمۇ كۆرۈلدى، دىن ئىشلىرىغا بولغان باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش ۋەزىپىسىمۇ بارغانسېرى ئېغىرلاپ كەتتى، تەلەپمۇ بارغانسېرى يۇقىرىلاپ كەتتى. دىنىي ۋەزىپە ئۆتەيدىغان خادىملار دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ باشلامچىلىرىدۇر. پارتىيە ۋە هۆكۈمەتنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما بىلەن ئالاقە باغلىشىدىكى تۈگۈندۇر. دىنىي ۋەزىپە ئۆتەيدىغان خادىملار قانۇن، قائىدە ـ نىزاملارنى ئۆگىنىشى لازىم، ئۇلاردا كۈچلۈك قانۇن ئېڭى بولغاندىلا، ئاندىن ئاڭلىق هالدا دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىغا قانۇننى بىلىش، قانۇنغا رىئايە قىلىش توغرىسىدا تەشۋىقى تەربىيە بېرىدۇ هەمدە ئۇلاردىن قانۇندىن خەۋەردار بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا دىنىي ۋەزىپە ئۆتەيدىغان خادىملارغا قارىتا قانۇنچىلىق تەربىيىسىنى كۈچەيتىش، ئۇلارنىڭ قانۇن ئېڭىنى ئۆستۈرۈش دىنىي ۋەزىپە ئۆتەيدىغان خادىملارنىڭ قانۇن بويىچە ئىش بېجىرىشىگە، دىنىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشغا، يامان غەرەزلىك كىشىلەرنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ قانۇنغا خىلاپ هەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشنى توسۇشقا پايدىلىق. ئىككىنچى ۋەزىپە، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىغا بولغان باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىش. دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى دىنىي ۋەزىپە ئۆتەيدىغان خادىملار تەپسىر قىلىدىغان ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىا دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان سورۇن. دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش — دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىدا قانۇن، قائىدە ـ نىزام ۋە سىياسەت بويىچە نورمال پائالىيەتلەرنىڭ قانات يايدۇرۇلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش — پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتىنىڭ كونكرېت گەۋدىلىنىشىدۇر. بۈگۈنكى كۈندە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ دىنىي تۇرمۇش ئېھتىياجىنى ئاساسىي جەھەتتىن قاندۇرالايدۇ. ئالاھىدە ئېھتىياجنى هېسابقا ئالمىغاندا، ئادەتتە يېڭىدىن دىنىي پائالىيەت سورۇنى قۇرۇلمايدۇ. يېڭىدىن دىنىي پائالىيەت سورۇنى سېلىشتا، تەكشۈرۈپ تەستىقلىتىش رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىش لازىم، ئۆز ئالدىغا قالايمىقان دىنىي پائالىيەت سورۇنى سېلىشقا بولمايدۇ. تەستىقلىتىلماي يېڭىدىن سېلىنغان ياكى كېڭەيتىپ سېلىنغان دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى قانۇنغا خىلاپ سېلىنغان دەپ هېسابلىنىپ، ئۇنىڭ مەسئۇلى قانۇن بويىچە سۈرۈشتە قىلىنىدۇ. دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى رېمونت قىلدۇرۇشقا توغرا كەلسە، خىراجەت ئەمەلىيلەشكەن بولسىلا، ئالاقىدار بەلگىلىمە بويىچە رېمونت قىلدۇرۇشنى ۋاقتىدا تەستىقلىتىش كېرەك. دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى يىللىق تەكشۈرۈش خىزمىتى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ، تۇرلۇك تۈزۈملەرنى تۇرغۇزۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ساقلانغان مەسىلىلەرنى هەل قىلىپ، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى باشقۇرۇشنى تۈزۈملەشتۈرۈش لازىم. ئۈچىنچى ۋەزىپە،

دىنىي پائالىيەتلەرگە بولغان باشقۇرۇشنى
قانۇن بويىچە كۈچەيتىش. دىنىي پائالىيەت-
لەر چوقۇم قانۇن، سىياسەت يول قويغان
دائىرە ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىش كېرەك، بۇ
دىنىي پائالىيەتلەرنى قانۇن بويىچە باشقۇ-
رۇشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى. قانۇندا بەلگى-
لەنگەن دائىرە ئىچىدە ئېلىپ بېرىلغان دى-
نىي پائالىيەتلەرنىڭ ھەممىسى قانۇنلۇق
بولغان بولىدۇ، ئۇ قانۇن تەرىپىدىن قوغدى-
لىدۇ، قانۇندا بەلگىلەنگەن دائىرىنىڭ
سىرتىدا ئېلىپ بېرىلغان دىنىي پائالىيەت-
لەرنىڭ ھەممىسى قانۇنغا خىلاپ بولىدۇ،
ئۇ قانۇننىڭ جازاسىغا ئۇچرايدۇ. رايون
ئاتلاپ دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىشتا،
تەستىقلىتىش رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىش
لازىم. ئۇنداق بولمىغاندا قانۇن بويىچە بىر
تەرەپ قىلىنىدۇ. دىنىي پائالىيەتلەرنى ئا-
دەتتە دىنىي ۋەزىپە ئۆتەيدىغان خادىملار
تەشكىللەپ ئېلىپ بارىدۇ، دىنىي ۋەزىپى-
سى يوق كىشىلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا دىنىي
پائالىيەتلەرنى تەشكىللىشىگە يول قويۇلماي-
دۇ. ھەر دەرىجىلىك دىن خىزمىتى تارماق-
لىرى قانۇن - بەلگىلىمە ۋە تەلەپ بويىچە
دىنىي ۋەزىپە ئۆتەيدىغان خادىملارنى، دىنىي
پائالىيەت سورۇنلىرىنى، دىنىي پائالىيەت-
لەرنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى پائال ياخشى
ئىشلىشى، دىنىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى
تىنچ، ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيەتنى
مۇستەھكەملىشى ۋە راۋاجلاندۇرۇشى
لازىم. غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئې-
چىش ئۈچۈن يول ئېچىش — غەربىي قى-
سمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئۈچۈن مۇلا-
زىمەت قىلىدىغان ئەمەلىي ھەرىكەت بو-
لۇپ، ئۇنىڭدا باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇ-
رۇش كېرەك.

دىنىي غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە
ئېچىش يېڭى ۋەزىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشقا پا-
ئال يېتەكلەپ، غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆ-
لەمدە ئېچىش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش لازىم.

دىن جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مەھ-
سۇلى، ئۇ جەمئىيەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇ-
رىدۇ، ئۇنىڭ جەمئىيەت بىلەن ماسلىشالاي-
دىغان تەرىپىمۇ، ماسلىشالمايدىغان تەرىپى-
مۇ بار. دىنىي سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە
ئۇيغۇنلىشىشقا پائال يېتەكلەشتە، بىر جە-
ھەتتىن، دىنىنىڭ سوتسىيالىزم جەمئىيىتى-
گە ئۇيغۇن كېلىدىغان مەزمۇنىنى ساقلاپ،
دىنىنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى رولىنى
تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، غەربىي قىسمىنى
كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئۈچۈن خىزمەت قى-
لىش لازىم. يەنە بىر جەھەتتىن دىندىكى
سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇن كەلمەي-
دىغان بەزى مەزمۇنلارنى پائال يېتەكلەش
ئارقىلىق، ئۇنىڭ يېتەرسىزلىكلىرىنى تو-
لۇقلاپ، ئۇنى جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ
ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ، دىنىنىڭ
پاسسىپ تەرەپلىرىنىڭ جەمئىيەتنىڭ ئالغا
بېسىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا تەسىر يەت-
كۈزۈشىدىن ساقلىنىش كېرەك. دىنىي
غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش يې-
ڭى ۋەزىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشقا پائال يېتەك-
لەش — دىنىي غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆ-
لەمدە ئېچىشتىن ئىبارەت بۇ ئومۇمىيلىق
ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشنى تەلەپ قىلى-
دۇ. بۇ يەردىكى ئەڭ مۇھىم ھالقا: بىرىن-
چى، دىنىي ۋەزىپە ئۆتەيدىغان خادىملارنىڭ
ئىدىيىۋى تونۇشى ۋە ئاڭلىقلىق دەرىجى-
سى. دىنىي ۋەزىپە ئۆتەيدىغان خادىملارنىڭ
غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشقا
بولغان تونۇشى ئېنىق بولسا، ئۇنى ئىدىيە
جەھەتتىن قوللىسا، ھەرىكىتى ئۇنىڭ بى-
لەن بىردەك بولسا، ئاندىن دىنغا ئېتىقاد
قىلىدىغان ئاممىنى غەربىي قىسمىنى كەڭ
كۆلەمدە ئېچىش قۇرۇلۇشىغا پائال قاتنى-
شىشقا يېتەكلىيەلەيدۇ، غەربىي قىسمىنى
كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئۈچۈن خىزمەت قىلا-

لايدۇ. دىنىي ۋەزىپە ئۆتەيدىغان خادىملار-
نىڭ ئىدىيە جەھەتتىن ماسلىشىشى —
دىنىنىڭ غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئې-
چىش يېڭى ۋەزىيىتىگە ماسلىشىشىنىڭ
ئالدىنقى شەرتى، دىنىي ۋەزىپە ئۆتەيدىغان
خادىملارنىڭ ئىدىيە جەھەتتىن ماسلىشىشى
بولمىسا، دىنىي غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆ-
لەمدە ئېچىش يېڭى ۋەزىيىتىگە ماسلاشتۇر-
غىلى بولمايدۇ. ئىككىنچى، دىنىي ئەقىدە،
دىنىي قائىدىلەردىكى سوتسىيالىزم جەمئى-
يىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان مەزمۇنلارنى جا-
رى قىلدۇرۇش، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان
ئاممىنى دىنىي ئەقىدە، دىنىي قائىدىلەردى-
كى تەلەپ بويىچە، قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا
قاتنىشىشقا دەۋەت قىلىش لازىم. دىنىي ئە-
قىدە، دىنىي قائىدىلەردىكى جەمئىيەت تە-
رەققىياتىغا پايدىسىز بولغان مەزمۇنلارنى
تەتقىق قىلىپ، يېڭى ۋەزىيەتنىڭ تەلىپى
بويىچە، ئاۋۋال ئاسىنىنى، كېيىن قىيىنىد-
نى قىلىش پرىنسىپى بويىچە، دىنىنىڭ
سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇن كەلمەي-
دىغان مەزمۇنلىرىنى تەدرىجىي ئىسلاھ قى-
لىپ، دىنىي جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە
غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئۈ-
چۈن خىزمەت قىلدۇرۇش قەدىمىنى ئىلگى-
رى سۈرۈش كېرەك. ئۈچىنچى، «قوش
بەشتە ياخشى» لارنى يەنى بەشتە ياخشى دى-
نىي زات ۋە بەشتە ياخشى دىنىي پائالىيەت
سورۇنلىرىنى باھالاش پائالىيەتلىرىنى پا-
ئال قانات يايدۇرۇپ، ئىلغار تىپلارنى تىك-
لەپ، ئىلغار ئىش - ئىزلارنى ئومۇملاشتۇ-
رۇپ، ئىلغار تىپلارنىڭ غەربىي قىسمىنى
كەڭ كۆلەمدە ئېچىش قۇرۇلۇشىدىكى رو-
لىنى جارى قىلدۇرۇپ، غەربىي قىسمىنى
كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئۈچۈن كۈچ چىقى-
رىش كېرەك.

غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئې-
چىشتا دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ رولى ئىنتا-
يىن مۇھىم، دىنىي تەشكىلاتلار چوقۇم
غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنى
چۆرىدىگەن ھالدا دىنىنىڭ ئىچكى قىسمىدى-
كى ئىشلار خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى
لازىم.

دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ دىنىنىڭ ئىچكى
قىسمىدىكى ئىشلارنى باشقۇرۇش رولىنى
پائال جارى قىلدۇرۇشنى دىنىي تەشكىلات-
لارنىڭ فۇنكسىيىلىك رولى بەلگىلىگەن.
شىنجاڭنىڭ نۆۋەتتىكى دىن خىزمىتىنىڭ
ئەمەلىيىتىدىن قارىغاندا، نەدە دىنىي تەش-
كىلاتلار رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرغان
بولسا، شۇ يەردە دىنىنىڭ ئىچكى قىسمى
مۇقىم بولغان، دىن خىزمىتىمۇ نورمال
بولغان. ئەكسىچە بولغاندا، دىنىنىڭ ئىچكى
قىسمىدا مەسىلە كۆپ چىقىدۇ، دىنىنىڭ
جەمئىيەتكە ئېپكېلىدىغان ئەكسى تەسىرىمۇ
چوڭ بولىدۇ. غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆ-
لەمدە ئېچىش قۇرۇلۇشىدا، دىنىي ساھە ۋە
دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ غەربىي
قىسمىنى ئېچىش قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىش -
قاتنىشالماسلىقى، غەربىي قىسمىنى ئې-
چىش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش -
قوشالماسلىقىدا، دىنىي تەشكىلاتلار ئېغىر
مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان. دىنىي
تەشكىلاتلار پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي
زاتلار ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما بى-
لەن ئالاقە باغلىشىدىكى تۈگۈن، پارتىيە ۋە
ھۆكۈمەتنىڭ دىن خىزمىتىنى ياخشى ئىش-
لىشىگە ياردەملىشىدىغان كۆۋرۈك. نۆۋەت-
تىكى غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئې-
چىش يېڭى ۋەزىيىتىدە، دىنىي تەشكىلات-
لارنىڭ مۇھىم خىزمىتىنىڭ بىرى —
تەپسىر مەزمۇنىنى قېلىپلاشتۇرۇش. تەپ-
سىر قىلىش دىنىي ۋەزىپە ئۆتەيدىغان خا-
دىملار چوقۇم ئۆتەشكە تېگىشلىك دىنىي ۋە-
زىپە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى دىنىي ۋەزىپە
ئۆتەيدىغان خادىملارنىڭ تەپسىر قىلىش سە-

ۋېيسى تەكشى بولمىغانلىقتىن، تەپسىر قىلىش سەۋىيىسى يۇقىرىلار ئاز بولغانلىقتىن، كۆپىنچىسى تەپسىر قىلغىنى بىلەن ئۇنىڭ مەنىسىنى يېشەلمەيدىغان بولغاچقا، ھەتتا مەنىسىنى خاتا يېشىدىغان بولغاچقا، ئۇلار دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى ئارىسىدا يامان تەسىر پەيدا قىلدى. تەپسىر قىلىش مەزمۇنىنى ئېلىپلاشتۇرۇشنىڭ دىنىي ۋەزىپە ئۆتەيدىغان خادىملارنىڭ تەپسىر قىلىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە ياردىمى بار. دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ دىنىي ئەقىدە، دىنىي قائىدىلەرنى ئېگىلىشىگە، پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتىنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىشىگە، ھەق - ناھەقنى ئايدىڭلاشتۇرىۋېلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە ۋە دىنىي ئەسەبىي كۈچلەرگە قارشى تۇرۇش ئاڭلىقلىقىنى كۈچەيتىشكە ياردىمى بار. تەپسىر قىلىش مەزمۇنىنى ئېلىپلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون ئوقۇتۇش ماتېرىيالى تۈزۈپ، ئۇنى بېسىپ جايلارغا تارقاتتى. شۇڭا تەپسىر قىلىش ئەھۋالىنى ئۈزلۈكسىز تەكشۈرۈپ تۇرۇش، مەسىلە كۆرۈلگەن ھامان بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ مۇھىم خىزمىتىنىڭ ئىككىنچىسى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى بىلەن ئالاقىلىشىش ۋە دىنىي زاتلار بىلەن دوستلىشىش تۈزۈمىنى كەڭ ئومۇملاشتۇرۇپ، دىنىي ۋەزىپە ئۆتەيدىغان خادىملارنىڭ ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇلارنى دىنىي ۋەزىپىلەرنى سىياسەت، قائىدە - بەلگىلىمە بويىچە ئادا قىلىپ، دىنىي پائالىيەتلەرنى قانۇن بويىچە قانات يايدۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش ئۈچۈن يېڭى تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك. دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ مۇھىم خىزمىتىنىڭ ئۈچىنچىسى مولىلارنىڭ شاكىرت تەربىيىلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش. خىزمەت تەجرىبىلىرىنى ئۈزلۈكسىز يەكۈنلەپ، ئالاقىدار مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلىپ، بۇ خىزمەتنى تەدرىجىي ئېلىپلاشتۇرۇش لازىم. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ دىن خىزمىتى تارماقلىرى دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ خىزمىتىنى قوللاش ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىشنى كۈچەيتىپ، ئالاقىدار تارماقلارغا ماسلىشىپ، دىنىي تەشكىلاتلار ئورگىنىنى مۇكەممەل بولماسلىق، ئادەم كۈچى ئاز بولۇش، رەھبەرلىك مۇناسىۋىتى راۋان بولماسلىق، رولىنى جارى قىلدۇرۇش يېتەرلىك بولماسلىق قاتارلىق مەسىلىلەرنى ياخشى ھەل قىلىپ، دىنىي تەشكىلاتلارغا غەربىي قىسمىنى ئېچىش يېڭى ۋەزىيىتىنىڭ ئېھتىياجىغا تەدرىجىي ماسلىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك.

دىن خىزمىتى پارتىيىنىڭ بىر تۈرلۈك مۇھىم خىزمىتىدۇر. دىن خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە چوقۇم باش شۈجى جياڭ زېمىننىڭ «ئۈچ جۈملە سۆز» نى ئىزچىللاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش لازىم. «ئۈچ جۈملە سۆز» نى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە «ئۈچ جۈملە سۆز» نىڭ مەنىسىنى ياخشى ئۆگىنىپ ۋە ئىگىلەپ، توغرا دىن قارىشىنى تىكلەپ، دىنىنىڭ پەيدا بولۇش، تەرەققىي قىلىش، يوقىلىش جەريانىنىڭ بارلىقىنى تونۇپ، دىنىنىڭ سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدە ئۇزۇن مۇددەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىدەك ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتنى ئېنىق تونۇپ يېتىش كېرەك. بىز مەمۇرىي كۈچ ئارقىلىق دىننى يوقاتساق ياكى مەمۇرىي كۈچ ئارقىلىق دىننى تەرەققىي قىلدۇرساق بولمايدۇ، پۇقرالارنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىمۇ، دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكىمۇ بار، پۇقرالار-

نىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى هوقۇقى
دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇنى ۋە قانۇن تەرىپى-
دىن قوغدىلىدۇ. ئاتېئىزىمچىلار ۋە دىنغا
ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ سىياسىي جەھەتتى-
كى تۈپ مەنپەئەتى بىردەك، ئىدىيە، ئېتى-
قاد جەھەتتىكى پەرقى ئىككىنچى ئورۇندا
تۇرىدۇ. سىياسىي جەھەتتە ئىتتىپاقلى-
شىش، ھەمكارلىشىش، ئېتىقاد جەھەتتە
ئۆزئار هۆرمەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، دىن-
غا ئېتىقاد قىلىدىغان ھەر مىللەت ئاممى
بىلەن دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ھەر مىل-
لەت ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى
جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۇلۇغۋار
ئىشى ئۈچۈن ئورتاق كۈچ چىقىرىدىغان قى-
لىش كېرەك. دىنىي جەھەتتىكى زىددىيەت
ئاساسلىقى خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتتۇر،
ئەمما مەلۇم شارائىت ۋە مەلۇم ئەھۋال ئاس-
تىدا ئانتاگونىيىلىك مەسىلە كۆرىلىشى
مۇمكىن. بۇ خىل مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ
قىلىشتا چوقۇم خەلق مەنپەئەتىنى قوغ-
داش، قانۇننىڭ ئىززەت - هۆرمىتىنى
قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ۋە ۋە-
تەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش پرىنسىپىدا
چىڭ تۇرۇش لازىم. دىنىي پائالىيەتلەر چو-
قۇم قانۇن ۋە سىياسەت يول قويغان دائىرە
ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىشى لازىم، دۆلەت دىن

ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرىدۇ، نور-
مال دىنىي پائالىيەتلەرنى قوغدايدۇ، دىن-
دىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بېرىلغان قانۇنغا
خىلاپ جىنايى ھەرىكەتلەرنى ئەمەلدىن قال-
دۇرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا زەربە بېرىدۇ، چېگرا
سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ دىندىن
پايدىلىنىپ سىڭىپ كىرىشىنى توسىدۇ.
باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ دىن خىزمىتى
توغرىسىدىكى ئۈچ جۈملە سۆزىنىڭ مەزمۇ-
نى ئىنتايىن چوڭقۇر، بۇ مەزمۇنلارنى ئۆ-
گىنىش ۋە ئىگىلەش «ئۈچ جۈملە سۆز»
نىڭ روھىنى تېخىمۇ ئومۇمىيۈزلۈك ئىز-
چىللاشتۇرۇشىمىزغا، دىن جەھەتتە كۆرۈل-
گەن تۈرلۈك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشى-
مىزغا، دىن خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى-
مىزگە پايدىلىق، دىنىنىڭ سوتسىيالىزم
جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىشىنى، غەربىي
قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشقا ئۇيغۇنلى-
شىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاپتونوم رايو-
نىمىزنىڭ تەرەققىياتى ۋە مۇقىملىقى ئۈچۈن
يېڭى تۆھپە قوشۇشىمىزغا پايدىلىق.

تەرجىمە قىلغۇچى:
قۇربان مەھەممەت
مەسئۇل مۇھەررىرى:
ئەركىن ئىمىننىياز

(بېشى 25 ـ بەتتە)

تىنى ھەم مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئىچكى
قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ھەم دەۋر
تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپىگە ئۇي-
غۇن كېلىدىغان قىلىشىمىز لازىم. شۇنىڭ
بىلەن بىر ۋاقىتتا، مىللىي مەدەنىيەت
خىزمىتىنى ئىشلەيدىغانلارنىڭ ساپاسىنى
ھەقىقىي ئۆستۈرۈپ، ھەرقايسى مىللەتلەر-
نىڭ مەدەنىيەت خىزمىتىنى ئىشلەيدىغان
مۇنەۋۋەر خىزمەت ئەترىتىنى تىرىشىپ يې-
تىشتۈرۈپ چىقىپ، ئاپتونوم رايونىمىز-
نىڭ مىللىي مەدەنىيەت خىزمىتىنى يېڭى
بىر پەللىگە كۆتۈرۈشىمىز كېرەك.

تەرجىمە قىلغۇچى:
قۇربان مەھەممەت
مەسئۇل مۇھەررىرى:
ئەركىن ئىمىننىياز

لىيۇ جۇڭگې

# دىنىي سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىلىشى

دىنىي سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىدىن خۇداكۇيلۇق ئىدىيىسى دىنىي ئېتىقادتىن ۋاز كېچىشنى تەلەپ قىلمايدۇ، بەلكى سىياسىي جەھەتتە ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈشنى، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى ھىمايە قىلىشنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى ھىمايە قىلىشنى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا سوتسىيالىستىك تۈزۈمگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان دىنىي تۈزۈم ۋە دىنىي ئەقىدىلەرنى ئىسلاھ قىلىپ، دىنىي ئەقىدە، دىنىي قائىدە ۋە دىنىي ئەخلاقتىكى ئاكتىپ ئامىللاردىن پايدىلىنىپ سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. دىن ئۇستىقۇرۇلمىنىڭ بىر ئامىلى، ئۇ ھامان جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسىنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلىشىپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دىن يەنە جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسىغا قارىتا مەلۇم شەكىلدىكى ئەكس تەسىرگە ئىگە. دۆلىتىمىز قۇرۇلغان 50 يىلدىن بۇيان، بىزنىڭ دىن ۋە دىنىي مەسىلىگە بولغان تونۇشىمىز سوتسىيالىزم ئەمەلىيىتىگە ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتى ۋە تەرەققىي قىلدى. بىرلىكسەپتىكى دىنگە دائىر نەزەرىيە سىياسەتمۇ ئەمەلىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتى. دۆلىتىمىزدىكى ھەرقايسى دىنلارمۇ بىرلا ۋاقىتتا دۆلىتىمىز سوتسىيالىزم جەمئىيىتى بىلەن ئۈزلۈكسىز ئۇيغۇنلىشىش تەرەققىيات جەريانىنى بېسىپ ئۆتتى. بۇ ئاساسلىقى تۆۋەندىكى بىرنەچچە جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ:

**1. كونتروللىقتىن قۇتۇلۇپ، دىن ئىشلىرىنى مۇستەقىل ئۆزى باشقۇرۇش**

دۆلىتىمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، كونا جەمئىيەتتىكى دۆلىتىمىز خرىستىئان دىنى، كاتولىك دىنىنىڭ جاھانگىرلىك ۋە مۇستەملىكىچىلىكنىڭ كونتروللىقى تەسىرىگە ئۇچراپ كەلگەنلىكىگە قارىتا، جۇئېنلەي زوڭلى خرىستىئان دىنى ساھەسىدىكى ۋەتەنپەرۋەر زاتلار بىلەن سۆھبەتلەشكەندە، جۇڭگونىڭ دىن ئىشلىرىنى جۇڭگولۇقلار بېجىرىشى لازىم، دەپ كۆرسەتكەن. ئۇ مۇنداق دەپ قارىغان، جۇڭگونىڭ دىنى جاھانگىرلىك بىلەن مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈشى، دىنىنى ئەسلى ھالىتىگە ئەكىلىشى لازىم، دىنىي تەشكىلاتلار دىن ئىشلىرىنى مۇستەقىل ئۆزى باشقۇرۇشى، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈشى، ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرىدىغان، ئۆزىنى ئۆزى قامدايدىغان، ئۆزى دىن تارقىتىدىغان دىنىي جەمئىيەتلەرنى قۇرۇشى كېرەك. سىياسىتىمىز دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى قوغدايدۇ. ئەمما، كونا جۇڭگودا جاھانگىرلار دۆلىتىمىزنىڭ خرىستىئان دىنى، كاتولىك دىنىنى كونترول قىلىۋالغانلىقتىن، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، خرىستىئان دىنى، كاتولىك دىنىنى جاھانگىرلىكنىڭ كونتروللىقىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىش، جاھانگىرلىكنىڭ تەسىرىنى تازلاش لازىم.

50 ـ يىللاردا، «دىنىي جەمئىيەتلەر-

نى ئۆزى قۇرۇش، مۇستەقىل ئۆزى باشقۇرۇش» ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئېلىمىزنىڭ خرىستىيان دىنى، كاتولىك دىنىلىرى جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇپ، جاھانگىرلىك ۋە مۇستەملىكىچىلىكنىڭ كونتروللۇقىدىن قۇتۇلۇپ، دىن ئىشلىرىنى ئۆزى باشقۇرۇش، ئۆزىنى ئۆزى قامداش، ئۆزى دىن تارقىتىشنى يولغا قويۇپ، دىن ئىشلىرىنى مۇستەقىل ئۆزى باشقۇرۇش يولىغا ماڭدى. بۇ دىنىنىڭ سوتسىيالىزم يولىغا ئۇيغۇنلىشىشىدىكى ئىنتايىن مۇھىم بىر قەدەم. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، دىن ئىشلىرىنى مۇستەقىل ئۆزى باشقۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش پرىنسىپى ئاستىدا، دۆلىتىمىزدىكى ھەرقايسى دىنلارنىڭ خەلقئارا دوستلۇق ئالاقىسى ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندى. 1982 - يىلى ئاساسىي قانۇندا بۇ پرىنسىپ ئېنىق بېكىتىلدى. ئۇنىڭدا «دىنىي تەشكىلاتلار ۋە دىنىي ئىشلار چەتئەل كۈچلىرىگە بېقىنمايدۇ» دەپ بەلگىلەندى. دىن ئىشلىرىنى مۇستەقىل ئۆزى باشقۇرۇش ئېلىمىزدىكى ھەرقايسى دىنلارنىڭ بىر پرىنسىپىغا ئايلاندى، ئۇ دىنىنىڭ ئېلىمىز سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلاشقانلىقىنىڭ مۇھىم بەلگىسى.

## 2. فېئوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، دىنىي تۈزۈمنى ئىسلاھ قىلىش

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئېلىمىزنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمىدە تۈپتىن ئۆزگىرىش بولدى. بۇ خىل ئۆزگىرىشكە ئەگىشىپ، دىنىي تۈزۈمنىمۇ ئىسلاھ قىلىش كېرەك. لى ۋېيخەن دىنىي تۈزۈمنىڭ ئىسلاھاتىغا قارىتا چوڭقۇر ئىزاھات بەردى. ئۇ مۇنداق دەپ قارىدى: دىنىي تۈزۈم دىنىي ئېتىقادىنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى، بۇ ئىككىسى زىچ مۇناسىۋەتلىك شۇنداقلا بۇ ئىككىسىنى بىر - بىرىدىن ئايرىۋېتىشكە بولىدۇ، چۈنكى ھەرقانداق بىر تۈزۈمنىڭ دىنىي ئېتىقادقا نىسبەتەن كەم بولسا بولمايدىغانلىقى مۇمكىن ئەمەس. دىن تارىخىدا ئېكسپىلاتاتسىيە سىنىپى تەرىپىدىن پايدىلىنىپ كېتىلىپ، ئېكسپىلاتاتسىيە سىنىپىنىڭ قورالىغا ئايلىنىپ قالغان ۋاقىتتا، نۇرغۇن تۈزۈملەر ئېكسپىلاتاتسىيە سىنىپى ئۈچۈن خىزمەت قىلغان. دىنىي تۈزۈم ئۈستىقۇرۇلمىنىڭ بىر قىسمى، كونا دىنىي تۈزۈم بىلەن سوتسىيالىزمنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى بىر - بىرىگە زىت. ھەرقانداق بىر خىل دىنىي تۈزۈم تارىختا ئىسلاھ قىلىنغان بولىدۇ. ھازىرقى ئىسلاھاتتا مىللەت ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان، دۆلەتنىڭ قانۇن - پەرمانلىرىغا زىت بولغان نەرسىلەرنى چىقىرىپ تاشلاپ، تىنچلىق ئۇسۇلى ۋە قايىل قىلىش تەربىيىسى ئارقىلىق ئىسلاھ قىلىشتا تېگىشلىك دىنىي تۈزۈملەرنى ئىسلاھ قىلىش كېرەك.

50 - يىللاردا، دىنىي تۈزۈملەرنى ئىسلاھ قىلىش نەتىجىسىدە، خرىستىيان دىنى، كاتولىك دىنى دىنىي تەشكىلاتلىرى سىياسىي جەھەتتە، ئىقتىسادىي جەھەتتە، جاھانگىر كۈچلۈك ۋە دۆلەت ئىچىدىكى ئەكسىيەتچى كۈچلەر بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈپ، دىن ئىشلىرىنى ئۆزى باشقۇرىدىغان، ئۆزىنى ئۆزى قامدايدىغان ئۆزى دىن تارقىتىدىغان دىنىي تەشكىلاتلارغا ئايلاندى، بۇددا دىنى، تەرىقەتچىلىك دىنى، ئىسلام دىنى فېئوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ، خوفو، لاما، راھىپ، ئاخۇنلارنى تىنچلىق ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ئۆزگەرتتى. دىنىي تۈزۈمنىڭ ئىسلاھاتى دۆلىتىمىزدىكى دىنلارنى دۆلىتىمىز

سوتسىيالىزم جەمئىيىتى بىلەن ئۇيغۇنلىشىدىغان ئىنتايىن مۇھىم بىر قەدەمنى بېسىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، دۆلىتىمىزدىكى دىنلار تۈزۈم جەھەتتە يەنىمۇ ئىسلاھ قىلىندى، مەسىلەن: دىنىي تەشكىلات، دىنىي پائالىيەت سورۇنى بەرپا قىلىشتىكى دېموكراتىك باشقۇرۇش تۈزۈمى ۋە دىنىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان بەزى تۈزۈملەر ئىسلاھ قىلىندى. دىنىي تۈزۈملەرنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشى دىنىنىڭ ئېلىمىز سوتسىيالىزم جەمئىيىتى بىلەن ئۇيغۇنلاشقانلىقىنىڭ مۇھىم ئىپادىسى.

### 3. دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى ياخشىلاش — دىنىنى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى

دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى ياخشىلاش — ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشىنى، ئېتىقاد قۇرۇلۇشىنى، تەشكىلىي قۇرۇلۇشىنى، ئىختىساسلىق خادىملار قۇرۇلۇشىنى، تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى ياخشىلاشنى كۆرسىتىدۇ. بىرىنچى، ئىدىيىۋى قۇرۇلۇش ئاساس. چۈنكى دىنىي جەمئىيەتلەر ساغلام تەرەققىي قىلىشتا چوقۇم دىن ئىشلىرىنى بېجىرىش توغرا فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇشى لازىم، پەقەت ئۆگىنىشنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، ئىدىيىنى ئازاد قىلغاندىلا، ئاندىن ماسلىشىش ۋە تەرەققىي قىلىش ئاساسىغا ئىگە بولغىلى بولىدۇ. ئىككىنچى، ئېتىقاد قۇرۇلۇشى يادرو. دىنىنىڭ توغرىلىقى ئېتىقاد ئارقىلىق كاپالەتلەندۈرۈلىدۇ. كەڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ توغرا سۆز - ھەرىكىتىنى ساقلاپ قالغاندىلا، ئاندىن دىنىي ئەقىدە، دىنىي قائىدىلەردىكى توغرا روھنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ. ئۈچىنچى، تەشكىلىي قۇرۇلۇش تۈپ شەرت. ئىتتىپاق، دېموكراتىك، ئىناق، كۈچلۈك بولغان رەھبەرلىك كوللېكتىۋى بولغاندىلا، ئاندىن دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىشىغا رەھبەرلىك قىلغىلى بولىدۇ. تۆتىنچى، ئىختىساسلىق خادىملار قۇرۇلۇشى ھالقا. چۈنكى ئۆزىنى ئۇمۇرۋايەت دىن ئىشلىرىغا بېغىشلاش ئېتىقادىدا چىڭ تۇرۇپ، ئېسىل دىنىي ئەخلاقنى يېتىلدۈرۈپ مول دىنىي بىلىمگە ئىگە بولغان شۇنداقلا ۋەتەننى سۆيۈش، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى ھىمايە قىلىش، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزمنى ھىمايە قىلىش قاتارلىق شەرتلەرنى ھازىرلىغان دىنىي ۋەزىپە ئۆتەيدىغان خادىملارلا ئاندىن ۋارىسلىق قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش پۇرچىنى ئۆز زىممىسىگە ئېلىپ، جۇڭگونىڭ دىن ئىشلىرىنى گۈللەندۈرەلەيدۇ. بەشىنچى، تۈزۈم قۇرۇلۇشى كاپالەت. دىنىي جەمئىيەتلەر ئىزچىل، مۇقىم تەرەققىي قىلىشتا چوقۇم تۈزۈمنى كاپالەت قىلىشى؛ باشقۇرۇشنى چىڭ تۇتۇشتا چوقۇم ئالدى بىلەن تۈزۈمنى چىڭ تۇتۇشى لازىم. دىنىي جەمئىيەت، دىنىي تەشكىلاتلارنى باشقۇرۇشتا تايىنىدىغان تۈزۈم بولۇش، تۈزۈم بويىچە ئىش بېجىرىش، تۈزۈم ئارقىلىق كىشىلەرنى باشقۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، دىنىي جەمئىيەت، دىنىي تەشكىلاتلارنى باشقۇرۇشنى تەدرىجىي قېلىپلىشىش - تۈزۈملىشىش يولىغا سېلىش كېرەك. چۈنكى دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ قۇرۇلۇشىنى ياخشىلاش — دىنىي سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى.

بىر تەرەپ قىلىشتا ماركسىزملىق دىن قارىشىنى تۇرغۇزۇش ۋە ئۇنىڭدا چىڭ تۇرۇش لازىم. ماركسىزملىق دىن قارىشى ماركسىزمنىڭ دىن توغرىسىدىكى ئومۇمىي قارىشىدۇر. ئۇ ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ سىستېمىلىق ئەڭ ئىلمىي بولغان دىنىي قاراش بولۇپ، پرولېتارىيات ھاكىمىيىتىنىڭ دىنىي سىياسەتلەرنى تۈزۈشىدىكى نەزەرىيىۋى ئاساس شۇنداقلا دىنىي مەسىلىلەرنى تونۇش ۋە بىر تەرەپ قىلىشتىكى بىردىن بىر توغرا بولغان يېتەكچى ئىدىيىدۇر.

50 - يىللاردىكى جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، ۋەتەننى سۆيۈش ھەرىكىتى ۋە دىنىي تۈزۈم ئىسلاھاتى ئارقىلىق، دۆلىتىمىزنىڭ دىن مەسىلىسى ۋە دىنىي زىددىيەتلىرى ئاساسەن خەلق ئىچىدىكى زىددىيەت بولۇپ قالدى. 1957 - يىلى، ماۋزېدۇڭ «خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدىكى مەسىلىلەر» دە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: دىنىي ئېتىقادتىن ئىبارەت بۇ خەلقنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىدىيىۋى مەسىلىگە قارىتا خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىش لازىم. مەمۇرىي بۇيرۇق ئارقىلىق دىننى يوقىتىشىمىزغا، باشقىلارنى دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىققا زورلىشىمىزغا، كىشىلەرنى ئىدېئالىزمدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇرلىشىمىزغا بولمايدۇ شۇنداقلا كىشىلەرنى ماركسىزمغا ئىشىنىشكە مەجبۇرلىشىمىزغا بولمايدۇ. ئىدىيىۋى خاراكتېرگە ياتىدىغان مەسىلىلەرنى مۇنازىرە قىلىش، تەنقىد قىلىش ئۇسۇلى ۋە قايىل قىلىش تەربىيىسى ئارقىلىق ھەل قىلىش كېرەك، مەجبۇرلاش، بېسىم ئىشلىتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ھەل قىلىشقا بولمايدۇ.

دىنىي جەھەتتىكى خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش — دىننى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئويغۇنلاشتۇرۇشقا يېتەكلىشىمىزدىكى ئەھمىيەت بېرىشكە ۋە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم بىر مەسىلە. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، سىنىپىي كۈرەش ئاساس قىلىنغان ئىدىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن، پارتىيىمىز دۆلىتىمىزدىكى دىنىي زىددىيەت ۋە دىنىي مەسىلىلەرنىڭ ئاساسلىقى خەلقنىڭ ئىچكى قىسمىكى زىددىيەت ئىكەنلىكىنى قايتىدىن توغرا تونىدى، ئەمما بەزى مەسىلىلەرنىڭ قارىمۇقارشىلىق خاراكتېرىگە ئىگە ئىكەنلىكىنىمۇ يوققا چىقىرىۋەتمىدى. ئەمەلىيەت تەرەققىياتىغا ئاساسەن، دىنىي مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا قانۇننىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قوغداش، خەلق مەنپەئىتىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش پرىنسىپى ئوتتۇرىغا قويىدى. بۇ دىن خىزمىتىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بولغان ياخشى خۇلاسە بولۇپ، ياخشى ۋەزىيەتنىڭ دىن خىزمىتىگە بولغان تەلىپىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بەردى. شۇنداقلا ئۇ دىننى دۆلىتىمىز سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئويغۇنلاشتۇرۇشتا چوقۇم ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك پرىنسىپ بولۇپ، كەڭ ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنىڭ ھىمايە قىلىشىغا ئېرىشتى.

## 5. دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئۇزۇن مۇددەت ئىزچىل ئىجرا قىلىش

ماركسىزمنى بەرپا قىلغۇچىلار دۆلەتنىڭ كەلگۈسىدىكى سوتسىيالىزم جەمئىيىتى دىننى يوقىتىدۇ دېگەن ئىدىيىسىنى تەنقىد قىلغان ھەمدە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: غەيرىي تەبىئەت ۋە ئىجتىمائىي كۈچ-

لەرنىڭ كىشىلەر مېڭىسىدىكى خىيالى ئىنكاسى بولغان دىننى چەكلەشكە بولمايدۇ. جەمئىيەت بارلىق ئىشلەپچىقىرىش ماتېرىياللىرىنى ئىگىلەپ ۋە پىلانلاپ ئىشلىتىپ ئۆزى ۋە بارلىق جەمئىيەت ئەزالىرىنى قۇللۇق ھالەتتىن قۇتۇلدۇرغان ۋاقىتتا، ھەممە ئىشلار ئادەمگە باغلىق بولغان ۋاقىتتا، دىندا ئەكس ئەتتۈرۈلىدىغان ئەڭ ئاخىرقى غەيرىي كۈچمۇ يوقىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن دىنىي ئىنكاسمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ يوقىلىدۇ. دىن پەقەت تەبىئىي ھالدا يوقىلىدۇ. ئۇنى قانۇن - بۇيرۇق ئارقىلىق يوقىتىشقا بولمايدۇ.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئېكسپىلاتاتسىيە سىنىپى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىنىڭ يوقىلىشىغا، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ بەرپا قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، دىن مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتا تايىنىدىغان سىنىپىي مەنبە تۈپتىن يوقىتىلدى، ئەمما باشقا ئىجتىمائىي مەنبە، تەبىئەت مەنبەسى ۋە تونۇش مەنبەسى يەنىلا مەۋجۇت. «سول» چىللىق ئىدىيىسىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، ئىلگىرى تىزلا يوقىلىدۇ دەپ قارالغانلىقتىن، خىزمەتتە دىننى يوقىتىدىغان ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان، جەمئىيەت تەرەققىيات باسقۇچىدىن ھالقىغان بەزى نامۇۋاپىق ئۇسۇللار قوللىنىلغان. مەدەنىيەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە دىننى يوقىتىدىغان ھەرىكەتلەر ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىققان. 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئىدىيىۋىي لۇشيەنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، پارتىيىمىز دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى دىن ۋە دىن مەسىلىسىنى قايتىدىن تونىدى. بىراق، دۆلىتىمىز يەنىلا سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان بولغاچقا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى يۇقىرى ئەمەس، سوتسىيالىستىك قانۇن - تۈزۈمى مۇكەممەل ئەمەس، مەدەنىيەت، مائارىپ، ئىلىم - پەن ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى يېتەرلىك ئەمەس، كىشىلەرنىڭ تەبىئەت ۋە جەمئىيەتكە بولغان تونۇشى چەكلىك بولغاچقا، كىشىلەرنىڭ قىسقا مۇددەت ئىچىدە بەزى تەبىئىي ئاپەتلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان تۈرلۈك ئازابلاردىن قۇتۇلۇپ كېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس، ئىلاھ كۆزقارىشى ۋە خۇراپاتلىق ئىدىيىسى خەلق ئاممىسى ئىچىدە يەنىلا چوڭقۇر تەسىرگە ئىگە، ئاز ساندىكى مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار يەنىلا دىندىن پايدىلىنىپ ئاممىنى ئالداپ، تۈرلۈك بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. سىرتقا قارىتا ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن تارىخىي شارائىتتا، سىرتقى قىسىمدىن كەلگەن دىننىڭ تەسىرى تېخىمۇ گەۋدىلىك بولىۋاتىدۇ، مەلۇم دائىرىدىكى سىنىپىي كۆرەش ۋە مۇرەككەپ خەلقئارا مۇھىت يەنىلا مەۋجۇت، شۇڭا دىننىڭ سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتىكى بىر قىسىم كىشىلەر ئىچىدىكى تەسىرى ساقلىنىش مۇمكىن بولمىغان ھالدا ئۇزۇن مۇددەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ ھەمدە ئۆزىنىڭ قانۇنىيتى ۋە ئالاھىدىلىكى بويىچە سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە قارىتا سەل قارىغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ. دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنىڭ ئۇزۇن مۇددەت ئىزچىل ئىجرا قىلىنىشى دىننىڭ سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىشىنى زۆرۈر بىر شارائىت بىلەن تەمىن ئېتىپلا قالماستىن، يەنە دۆلىتىمىزدىكى دىنلارنى سوتسىيالىزم جەمئىيىتى بىلەن ئۇيغۇنلىشىش يولىدا ئۈزلۈكسىز ئىلگىرلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

**6. بىرلىكسەپنىڭ ئوخشاش پىكىرلەردە بىرلىككە كېلىپ، ئوخشاش بولمىغان پىكىرلەردە ئۆز قاراشلىرىنى ساقلاپ قېلىش پرىنسىپى ئارقىلىق خۇداگۇيلۇق بىلەن ئاتېئىزمنىڭ زىددىيىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش**

ئاتېئىزمچىلار بىلەن دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى تۈپ مەنپەئەتى بىردەك. ئۇلارنىڭ ئىدىيە - ئېتىقاد جەھەتتىكى پەرقى ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ، شۇڭا سىياسىي جەھەتتىكى ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىقنى ساقلاپ قېلىش، ئېتىقاد جەھەتتە ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش كېرەك. يولداش ماۋزېدۇڭ 1957 - يىلى مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: بىر قىسىم ئىدېئالىزم تەرەپدارلىرى سوتسىيالىستىك سىياسىي تۈزۈمنى ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈمنى قوللايدۇ، ئەمما ئۇلار ماركسىزملىق دۇنيا قاراشنى قوللىمايدۇ، دىنىي ساھەدىكى ۋەتەنپەرۋەر زاتلارمۇ شۇلارغا ئوخشاش. ئۇلار خۇداگۇيلار، بىز بولساق ئاتېئىزمچىلار. بىز ئۇلارنى ماركسىزملىق دۇنيا قاراشنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلىساق بولمايدۇ.

خۇداگۇيلۇق بىلەن ئاتېئىزمغا مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسىدە، پارتىيىمىز ئوخشاش پىكىرلەردە بىرلىككە كېلىپ، ئوخشاش بولمىغان پىكىرلەردە ئۆز قاراشلىرىنى ساقلاپ قېلىشتەك بىرلىكسەپنىڭ سىياسەت ۋە تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، ۋەتەننى سۆيىدىغان دىنىي ساھە زاتلىرى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، پارتىيىنىڭ تۈرلۈك ۋەزىپىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، پايدىلىق شارائىت ھازىرلىدى. «سول» چىللىق ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىدە، بىرلىكسەپنىڭ توغرا سىياسىتى ۋە تەدبىرلىرى ئەكسىلئىنقىلابىي تەسلىمچىلىك دەپ قارىلىپ تەنقىد قىلىنغان ئىدى. 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن، پارتىيىنىڭ مەركىزىي خىزمىتى سىنىپىي كۆرەشنى ئاساس قىلىشتىن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ئاساس قىلىشقا ئۆزگەردى، ئىتتىپاقلىشىشقا بولىدىغان بارلىق كۈچلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۈچۈن، پارتىيىمىز ئەڭ كەڭ ۋەتەنپەرۋەر بىرلىكسەپ قۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. خۇداگۇيلۇق بىلەن ئاتېئىزمغا مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسىدە، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما بىلەن دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئاممىنىڭ ئىدىيە - ئېتىقاد جەھەتتىكى پەرقى ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان پەرق، بىر تەرەپلىمىلىك ھالدا بۇ پەرقنى تەكىتلەشكە بولمايدۇ، ئۇنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما بىلەن دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئاممىنىڭ سىياسەت، ئىقتىساد جەھەتتىكى تۈپ مەنپەئەتىنىڭ بىردەكلىكىنى كۆرۈش كېرەك. دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان بارلىق ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئىرادىسى ۋە كۈچىنى زامانىۋىلاشقان سوتسىيالىستىك قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت ئورتاق نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈش — دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش ۋە دىنىي مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى ۋە ئاخىرلىشىش نۇقتىسى. بۇ خىل ئىدىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، كەڭ ۋەتەنپەرۋەر دىنىي ساھەدىكى زاتلار ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما بىلەن ئىتتىپاقلىشىش خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا پائال قاتنىشىش، سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى زور كۈچ بە-

لەن راۋاجلاندۇرۇش، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى تىرىشىپ قوغداش دۆلىتىمىزدىكى ھەرقايسى دىنلارنىڭ ئاساسىي ئېقىمىغا ئايلاندى. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى بىرلىكسەپنىڭ ئوخشاش پىكىرلەردە بىرلىككە كېلىپ، ئوخشاش بولمىغان پىكىرلەردە ئۆز قاراشلىرىنى ساقلاپ قېلىش پرىنسىپى ئارقىلىق، ئىدىيە ۋە ئېتىقاد جەھەتتىكى خۇداگۇيلۇق بىلەن ئاتېئىزمنىڭ زىددىيىتىنى بىر تەرەپ قىلىش — دىننى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىشقا پائال يېتەكلەشتە چىڭ تۇرۇشقا تېگىشلىك بىر پرىنسىپ.

**7. دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش دىننىڭ سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىشىنى قېلىپلاشتۇرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ**

دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش — دۆلەتنىڭ ئىجتىمائىي جامائەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنىڭ يەنى مەمۇرىي باشقۇرۇشنىڭ تەركىبىي قىسمى، دۆلەت فۇنكسىيىسىنىڭ بىرى. دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇش پەقەت جۇڭگودىلا بار بولغان، پەقەت ھازىرلا بار بولغان ئەمەس، قەدىمدىن ھازىرغىچە، جۇڭگودىن چەتئەلگىچە ئۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس، ئوخشىمايدىغىنى پەقەت مەقسەت ۋە ئۇسۇل. دۆلەت قۇرۇلغاندىن بۇيانقى سوتسىيالىزمنىڭ ئەمەلىيىتى، بولۇپمۇ مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ تەجرىبە ساۋاقلىرىنى خۇلاسىلاش ئارقىلىق، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش پۈتكۈل پارتىيىنىڭ ئورتاق تونۇشىغا ئايلاندى. دىن خىزمىتى جەھەتتە، 1980 - يىللاردىن بۇيان، دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش مەسىلىسىگە ئەھمىيەت بېرىلىشكە باشلىدى. 1993 - يىلى، يولداش جياڭ زېمىن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: دىنىي پائالىيەتلەر چوقۇم ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇن دائىرىسى ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىشى لازىم. ھۆكۈمەتنىڭ قانۇن، قائىدە - نىزام ۋە سىياسەت بويىچە دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇشى ۋە نازارەت قىلىشى — دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈندۇر. 1994 - يىلى، گوۋۇيۈەن دىنغا دائىر ئىككى مەمۇرىي قائىدە - نىزام تارقىتىپ، دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش بىر تەرەپتىن دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ۋە دىنىي ساھەنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق مەنپەئەتىنى قوغدىدى، يەنە بىر تەرەپتىن دىننىڭ سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىشىنى قېلىپلاشتۇردى ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلدى. دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش — پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىل ئىجرا قىلىش، نورمال دىنىي پائالىيەتلەرنى ۋە دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق مەنپەئەتىنى قوغداش، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداشنىڭ ئېھتىياجى شۇنداقلا دىن خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتىكى مۇھىم ھالقا. پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىدا دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش بېكىتىلدى، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق دۆلىتىنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش فاڭجېنى بەرپا قىلىنىدى. بۇ فاڭجېننى ئىزچىللاشتۇرۇشتا، دىنغا دائىر قانۇن - تۈزۈمنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى دىنىي سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىشقا يېتەكلەش جەھەتتە تېخىمۇ زور

(داۋامى 50 - بەتتە)

ليۇجياڭخەي

# غەربىي قىسىمنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش جەريانىدا مىللەت ئامىلى ئۈستىدە ئويلىنىش ۋە تەدبىر بەلگىلەشكە دائىر تەتقىقات

غەربىي قىسىمنى كەڭ كۆلەمدە ئېـ
چىش ئىستراتېگىيىسى — پارتىيە مەركىزىي
كومىتېتى، گوۋيۈەن ئەسىر ئالمىشىش
ئالدىدا چىقارغان، ئومۇمىي ۋەزىيەتكە مۇنا-
سىۋەتلىك بولغان ئىنتايىن مۇھىم بىر تەد-
بىر. ئاز سانلىق مىللەت ۋە ئاز سانلىق
مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلەد-
تىش ئېلىمىز سوتسىيالىستىك ئىشلىرى-
نىڭ ماھىيەتلىك تەلىپىنىڭ مىللەتلەر
خىزمىتىدىكى گەۋدىلىنىشىدۇر، شۇنداقلا
مىللەتلەر سىياسىتىنىڭ ئاساسىي باشلى-
نىش نۇقتىسى ۋە ئاخىرلىشىش نۇقتىسى-
دۇر. دۆلەت غەربىي قىسىمنى كەڭ كۆ-
لەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىدە ئاز ساز-
لىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى
تېزلىتىشنى تېخىمۇ گەۋدىلىك ئورۇنغا
قويدى. مىللەت ئامىلى — غەربىي قىسىم-
دىكى رايونلارنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى
ۋە ئىقتىساد، مەدەنىيەت تەرەققىياتىدىكى
مۇھىم ئامىل. مىللىي مەسىلىلەرنى ھەل
قىلىش غەربىي قىسىمنى كەڭ كۆلەمدە ئېـ
چىش ئىستراتېگىيىسىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت-
لىك بولىشى ياكى مەغلۇب بولىشىغا مۇنا-
سىۋەتلىك.

**1. غەربىي قىسىمنى كەڭ كۆلەم-
دە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا
قويۇشتا مىللىي مەسىلىگە سەل قا-
راشقا بولمايدۇ**

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك
ئېچىۋېتىلگەن 20 يىلدىن بۇيان، غەربىي
قىسىمدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى
مەيلى ئىسلاھات ياكى تەرەققىيات جەھەتتە
بولسۇن مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن
بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا نۇرغۇنلىغان زىددى-
يەت ۋە مەسىلىلەر ساقلانماقتا. غەربىي قى-
سىمدىكى رايونلار ئىقتىسادىنىڭ ئارقىدا
قالغانلىق ئەھۋالىنىڭ ئوتتۇرا، شەرقىي
قىسىم ئىقتىسادى ھەتتا پۈتۈن مەملىكەت
ئىقتىسادىنىڭ ئۈزلۈكسىز ساغلام تەرەققىي
قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىش رولى بارغاز-
سىرى روشەن بولماقتا. غەربىي قىسىمنى
كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىدە
مىللەت ئامىلغا ھەرگىز سەل قارىماسلىقى-
مىز كېرەك.

***مىللەت ئامىلى (1): غەربىي
قىسىمدىكى رايونلاردىكى مىللەتلەر
ئاھالىسى بىلەن ئۇلارنىڭ ئولتۇراق-
لىشىش كۆلىمىنىڭ نىسبىتى چوڭ.***

مەملىكىتىمىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەت
رايونلىرىنى مەمۇرىي جەھەتتىن قاتلاملارغا
بۆلۈپ قارايدىغان بولساق، ئاساسەن ئىچكى
موڭغۇل، شىنجاڭ، شىزاڭ، نىڭشىيا،
گۇاڭشى قاتارلىق 5 ئاپتونوم رايون ۋە سى-
چۈەن، گۈيجۇ، يۈننەن، چىڭخەي قاتارلىق
5 ئۆلكىگە قاراشلىق 582 ناھىيە (خو-
شۇن)، شەھەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان
بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئاپتونوم نا-
ھىيە (خوشۇن)، شەھەرلەر ئومۇمىي سا-
نىنىڭ 90.4 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، ئاپ-
تونومىيە جايلارنىڭ ئاھالىسى پۈتۈن مەم-
لىكەتتىكى ئاپتونومىيىلىك جايلار ئومۇمىي
ئاھالىسىنىڭ 87.9 پىرسەنتىنى ئىگىلەي-

دۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاھالىسى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئومۇمىي ئاھالىسىنىڭ 86.9 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

جۇغراپىيىلىك ئورۇن جەھەتتىن قارىغاندا، 10 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ئاساسلىقى غەربىي قىسىمغا جايلاشقان. شۇڭا ئېلىمىزنىڭ مىللىي مەسىلىسى ئاساسلىقى غەربىي قىسىمغا مەركەزلەشكەن. مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىش غەربىي قىسىمنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

**مىللەت ئامىلى (2): شەرقىي قىسىم بىلەن غەربىي قىسىمنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك پەرقى — مىللەت پەرقى.**

1949 - يىلدىن 1978 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا، دۆلەت غەربىي قىسىمدىكى رايونلارغا قارىتا زور دەرىجىدە مايىل بولۇش سىياسىتىنى يولغا قويغانلىقتىن، سېلىشتۇرما پەرق تەدرىجىي كىچىكلىگەن. 1978 - يىلى غەربىي قىسىمدىكى رايونلار بىلەن شەرقىي قىسىمدىكى دېڭىز ياقىسىدىكى رايونلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە GDP پەرقى 334.39 يۈەن، پەرقلىنىش ۋاقتى 12.26 يىل ئىدى؛ 1990 - يىلى يەنى دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى يولغا قويۇشتىن ئىلگىرى، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان GDP پەرقى 1066.9 يۈەن، پەرقلىنىش ۋاقتى 11.22 يىل ئىدى؛ شەرقىي قىسىمدىكى دېڭىز ياقىسىدىكى رايونلارنىڭ 10 يىلدىن كۆپرەك ئادەتتىن تاشقىرى تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، 1998 - يىلى شەرقىي قىسىمدىكى رايونلارنىڭ GDP سى پۈتۈن مەملىكەت GDP ئومۇمىي سانىنىڭ 58.1 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان GDP 9483 يۈەنگە يەتتى، ئۇنى دوللارغا سۇندۇرغاندا 1143 دوللار بولىدۇ، شەرقىي قىسىمنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى تەرەققىي قىلىشى بىلەن بىر ۋاقىتتا، غەربىي قىسىمنىڭ تەرەققىياتى نىسبەتەن ئاستا بولۇپ، شەرقىي قىسىم بىلەن غەربىي قىسىم ئوتتۇرىسىدىكى پەرق بارغانسېرى چوڭىيىپ كەتتى. 1998 - يىلى غەربىي قىسىمدىكى رايونلارنىڭ GDP سى ئاران پۈتۈن مەملىكەت GDP سىنىڭ 14 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان GDP 4052 يۈەن، دوللارغا سۇندۇرغاندا 488 دوللار بولۇپ، شەرقىي قىسىمنىڭكىدىن 1.34 ھەسسە تۆۋەن، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن 64 پىرسەنت تۆۋەن بولدى، پەرقلىنىش ۋاقتى 15 يىل بولدى. رايون پەرقىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى نۇرغۇن زىددىيەتلەر ۋە پىكىرلەر تەرەققىيات مەسىلىسى ئۈستىدە مەركەزلىك گەۋدىلەندى. بۇ ھەم ئىقتىسادىي تەرەققىيات مەسىلىسى، ھەم ئىجتىمائىي مەسىلە، ئىقتىسادىي مەسىلە ۋە سىياسىي مەسىلە.

**مىللەت ئامىلى (3): ئىقتىسادنىڭ ئىككى مەنبەلىشىش ئالامىتى روشەن، قۇرۇلما خاراكتېرلىك زىددىيەت گەۋدىلىك.**

غەربىي قىسىمدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ بازار ئىگىلىكى تەرەققىياتى مەلۇم ئاساس ۋە كۆلەمگە ئىگە بولدى، ئەمما قۇرۇلمىدىكى تەڭپۇڭسىزلىق مەسىلىسى يەنىلا ئېغىر. غەربىي قىسىمدىكى رايونلاردا، شەھەرلەردە ماشىنىسازلىق، ئېلېكترون، ، ئاۋىئاتسىيە تېخنىكى ۋەكىللىكىدىكى زامانىۋى كەسپىي تارماقلار مەلۇم تەرەققىياتقا ئېرىشتى، يېزىلاردا

بولسا قول ئەمگەكى، يېرىم قول ئەمگىكىـ
نى ئاساس قىلغان يېزا ئىگىلىكىنىڭ زاماـ
نىۋىلىشىش ۋە ماشىنىلىشىش سەۋىيىسى
شەرقىي قىسمىنىڭكىدىن خېلىلا تۆۋەن،
ئىقتىسادنىڭ ئىككى مەنبەلىشىش ئالامىتى
ئىنتايىن روشەن. كەسىپ قۇرۇلمىسىدىن
قارىغاندا، غەربىي قىسمىدا بىرىنچى كەـ
سىپ ئىگىلىگەن نىسبەت چوڭراق، ئۈچىنـ
چى كەسىپنىڭ تەرەققىياتى يېتەرلىك ئەـ
مەس، ئىككىنچى كەسىپتە مەبلەغنى چەتكە
چىقىرىش ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ، يۇـ
قىرى پەن - تېخنىكا كەسىپىنىڭ نىسبىتى
ئىنتايىن تۆۋەن، غەيرىي دۆلەت ئىلكىدىكى
ئىگىلىك تېخىچە ئىقتىسادنىڭ ئېشىش نۇقـ
تىسى بولۇشتەك رولىنى ياخشى جارى قىلـ
دۇرالمىدى.

**مىللەت ئامىلى (4): مەدەنىـ
يەت، مائارىپ، پەن - تېخنىكا ئىشـ
لىرى ئارقىدا قالغان، ئاھالىنىڭ ئوـ
مۇمىي مەدەنىيەت، تېخنىكا ساپاسى
تۆۋەن.**

ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقـ
تىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئارقىدا قېلىشىدىـ
كى ئاساسىي سەۋەب، ئۇلارنىڭ ئاھالىسىـ
نىڭ ساپاسى يۇقىرى ئەمەس، پەن - تېخـ
نىكا تۆھپىسى يېتەرلىك ئەمەس. ئەڭ يېـ
ڭى ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، دۆلىتىـ
مىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى
قۇرامىغا يەتكەن ئاھالىنىڭ ساۋاتسىزلىق
نىسبىتى 28.7 پىرسەنتكە يەتكەن بولۇپ،
ئوتتۇرا، شەرقىي قىسمىدىكى ئىقتىسادىي
تەرەققىي قىلغان رايونلارنىڭكىدىن خېلىلا
يۇقىرى ئىكەن. يۇقىرى سۈپەتلىك ئەمگەك
كۈچىنىڭ كەم بولۇشى ئەمگەكچىلەرنىڭ
ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت بىلىم سەۋىيىسىـ
نىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تۆۋەن بولۇشى ئېلىـ
مىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىقتىسادىـ
نىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىغا توسالغۇ بولىـ
دىغان ئاساسىي ئامىل.

**مىللەت ئامىلى (5): ئۇل مۇـ
ئەسسەسى ئارقىدا قالغان، ئىجتىمائىي
مۇلازىمەت سىستېمىسى مۇكەممەل ئەـ
مەس.**

غەربىي قىسمىدىكى مۇتلەق كۆپ سانـ
دىكى رايونلاردا تاش يول، تۆمۈر يول لىـ
نىيىلىرى سىستېمىلاشمىدى، ئالاقە،
پوچتا ئەسلىھەلىرى كەمچىل، سۇ بىلەن
تەمىنلەش، توك بىلەن تەمىنلەش ئەسلىھەـ
لىرى ۋە ئېنېرگىيە يېتەرلىك ئەمەس، بۇ
ھال ھازىر بار بولغان ئىشلەپچىقىرىش ئېـ
نېرگىيىسىدىن تولۇق پايدىلىنالماسلىقنى
كەلتۈرۈپ چىقاردى، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇـ
شى ۋە ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشىغا قولاـ
يسىزلىقلارنى ئېلىپ كەلدى. شۇنداقلا ئۇ
سىرتقا قارىتىلغان ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياـ
تىغا پايدىسىز بولۇپ، ئاز سانلىق مىللەت
رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي
تەرەققىياتىغا ئېغىر دەرىجىدە توسقۇنلۇق
قىلدى.

**مىللەت ئامىل (6): كىشىلەرـ
نىڭ كۆزقارىشى ئارقىدا قالدى.**

ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرـ
نىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى چەت، يىراق
رايونلاردا ئولتۇراقلاشقانلىقتىن، ئۇلارنىڭ
ئالاھىدە جۇغراپىيىلىك ئورنى ۋە تۇرمۇش
مۇھىتى تۈپەيلىدىن، ئۇلارنىڭ يېڭى تەپەكـ
كۇر، يېڭى كۆزقاراش، يېڭى پەن - تېخـ
نىكا ۋە يېڭى ئۇچۇرلارنى قوبۇل قىلىشى
ئىقتىسادىي تەرەققىي قىلغان رايونلارنىڭكىـ
دىن خېلىلا ئاستا بولدى. يېڭى شەيئىلەرنى
قوبۇل قىلىش ۋە تونۇش جەھەتتىكى بۇ
خىل پەرق خۇددى كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان
بويۇنتۇرۇقتا ئوخشاش ھەرقايسى ئاز سانـ

لىق مىللەت ئەمگەكچى ئاممىسىنىڭ ئاك-
تىپچانلىقى ۋە ئىجاتچانلىقىنى بىۇ-
غۇپ قويدى.

**مىللەت ئامىل (7): مىللىي مە-
سىلە ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋەزىيەت
مۇقىملىقىغا مۇناسىۋەتلىك.**

غەربىي قىسمىدىكى ئاز سانلىق مىل-
لەتلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى چەت،
چېگرا رايونلارغا ئولتۇراقلاشقان، چەت،
چېگرا رايونلار دۆلىتىمىز دۆلەت مۇداپىئە-
سىنىڭ بىرىنچى سېپى بولۇپ، ئىستراتې-
گىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم. بىز
سوتسىيالىزم قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بارىمىز
دەيدىكەنمىز، چوقۇم تىنچ، ئىتتىپاق بول-
غان سىياسىي ۋەزىيەتنى قوغدىشىمىز،
تىنچ، ئىشەنچلىك بولغان چېگرا مۇداپىئە-
سىنىڭ بولىشىغا كاپالەتلىك قىلىشىمىز
كېرەك. مەيلى تارىختا ياكى ھازىرقى ئەمە-
لىيەتكە قارايدىغان بولساق، غەرب دۆلەتلى-
رى ئېلىمىزگە قارىتا ئاغدۇرمىچىلىق قى-
لىش ۋە ئاتالمىش «غەربلەشتۇرۇش»،
«پارچىلىۋېتىش» سۇيىقەستىنى ئېلىپ بې-
رىشتا ئەڭ ئاۋۋال چەت، چېگرا رايونلارنى
ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنى بۆسۈش
ئېغىزى قىلغان. يېقىندىن بۇيان، خەلقئا-
رادا يەنە مىللەتچىلىك باش كۆتۈرۈپ قال-
دى، مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار ۋەتىنى-
مىزنى پارچىلىۋېتىش نىيىتىدىن يانمىدى،
بۇ بىزگە غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە
ئېچىشتا غەربىي قىسمىدىكى ئاز سانلىق
مىللەتلەر ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى-
نىڭ مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتى مەسىلىسى-
نى تولۇق ئويلىنىشنىڭ لازىملىقى توغرى-
سىدا ئاگاھلاندۇرۇش بەردى، شۇڭا بىخەس-
تەلىك ۋە بىخوتلۇق قىلىشقا ھەرگىز بول-
مايدۇ.

**مىللەت ئامىل (8): مىللىي مە-
سىلە غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە
ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنىڭ مۇۋەپپە-
قىيەتلىك بولىشى ياكى مەغلۇپ بولۇ-
شىغا مۇناسىۋەتلىك.**

دۆلىتىمىز بىرلىككە كەلگەن كۆپ
مىللەتلىك دۆلەت، ئاز سانلىق مىللەت را-
يونلىرىنىڭ ئىقتىسادى پۈتكۈل خەلق ئى-
گىلىكىنىڭ ئايرىلماس مۇھىم تەركىبىي
قىسمى، ناۋادا پۈتۈن مەملىكىتىمىز يەر
كۆلىمىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئىگى-
لەيدىغان غەربىي قىسمىدىكى ئاز سانلىق
مىللەت رايونلىرى ئۇزۇن مەزگىل قالاق
ھالەتتە تۇرىۋەرسە، ئۇ چوقۇم پۈتكۈل غەر-
بىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىست-
راتېگىيىسىگە ھەتتا پۈتۈن مەملىكەتنىڭ
ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئىستراتېگىيىلىك
نىشانىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا تەسىر كۆر-
سىتىدۇ.

**2. غەربىي قىسمىدىكى ئاز سان-
لىق مىللەت رايونلىرىنى كەڭ كۆ-
لەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىگە دا-
ئىر تەدبىر بەلگىلەش تەتقىقاتى**

نۆۋەتتە جۇڭگودىكى مىللىي مەسىلە
ماھىيەتتە ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەق-
قىيات مەسىلىسىدۇر. ئىلگىرى بىز غەر-
بىي قىسمىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىسترا-
تېگىيىسىدە مىللىي مەسىلىگە داۋاملىق
سەل قاراپ كەلگەن، شۇڭا بۇنىڭدىن كې-
يىن بىر جەھەتتىن بۇ رايوندىكى ئاز سان-
لىق مىللەتلەرنى ئۆز رايونىنىڭ تەرەققىيات
ئىشلىرىغا قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلىشى-
مىز، يەنە بىر جەھەتتىن بۇ رايونلارنىڭ
ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق
بۇ رايونلاردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنى تە-
رەققىي قىلدۇرۇپ زامانىۋىي مىللەتلەرگە
ئايلاندۇرىشىمىز كېرەك. غەربىي قىسمىنى

كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش جەريانىدا، مىللەت ئاممىنى ئەتراپلىق ئويلىشىمىز لازىم. تەرەققىيات جەريانىدىكى مىللەت ئاممىنى كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمەسكە سېلىشقا، ئۇنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىشكە بولمايدۇ. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات مۇھىتىنى ياخشىلاشقا، ئاز سانلىق مىللەت رايونىرىدىكى ئەمگەكچىلەرنىڭ ساپاسىنى ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق بېيىشىنى ۋە ئورتاق گۈللىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىمىز كېرەك.

**تەدبىر (1): غەربىي قىسىمنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشتا ئىلمىي ۋە مۇۋاپىق بولغان مەركەز مالىيىسى يۆتكەپ بېرىش تۈزۈمىنى تۇرغۇزۇش كېرەك.**

1994 - يىلى يولغا قويۇلغان باجنى ئايرىش تۈزۈمى 1992 - يىللىق يەرلىك مالىيە كىرىمىنى قايتۇرۇپ بېرىدىغان ئاساسىي سان قىلىشتەك لايىھىنى ئۆزگەرتىپ، 1993 - يىللىق مالىيە كىرىمىنى ئاساسىي سان قىلىشتەك لايىھىنى قوللاندى. بۇ خىل تەڭشەش «باي ئۆلكىلەر كۆپرەك قايتۇرۇش، نامرات ئۆلكىلەر ئازراق قايتۇرۇش» تەك قېلىپلاشمىغان مالىيە يۆتكەپ بېرىشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، بۇنىڭ بىلەن خەلقئارادا ئورتاق قوللىنىۋاتقان مالىيە يۆتكەپ بېرىش تۈزۈمى بويىچە پەرقلىق بولغان مالىيە تەقسىماتىنى ئېلىپ بېرىشقا مۇمكىن بولمىدى، ھەتتا ئاپتونوم رايونلارنىڭ يەرلىك مالىيىسىنى ئازايتىۋەتتى. بۇنىڭدىن كېيىن دۆلەت رايونلارنىڭ تەرەققىيات پەرقىنى كونترول قىلىش ۋە كىچىكلىتىشكە پايدىلىق بولغان مالىيە يۆتكەپ بېرىش تۈزۈمىنى تۇرغۇزۇشتا ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تولۇق ئويلىشىپ، بىرنەچچە خىل ئامىل ئۈستىدە ئويلىنىش چارىسىنى قوللىنىپ چىقىم قىلىنىدىغان ساننى بېكىتىشى لازىم. بىرىنچى، نوپۇس ئامىلىنى ئويلىنىش لازىم، يۆتكەپ بېرىشتە ھەرقايسى رايونلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئىجتىمائىي ئاممىۋىي مۇلازىمەت سەۋىيىسىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك. ئىككىنچى، يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ مالىيە كىرىمى ئىقتىدارىنى ئويلىنىش كېرەك. ئۈچىنچى، مىللەت تەركىبىنىڭ مۇرەككەپلىك دەرىجىسىنى ئويلىنىش كېرەك، مىللەت تەركىبى قانچە مۇرەككەپ بولسا، نوپۇسى قانچە كۆپ بولسا، ئۇ ئالاھىدە ئېھتىياجلىق بولغان چىقىرىپ بېرىش ۋەزىپىسىمۇ شۇنچە ئېغىر بولىدۇ. تۆتىنچى، رايون ئامىلىنى ئويلىنىش لازىم، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا ئادەتتە يەر كەڭرى، ئادەم شالاڭ، باشقۇرۇش ئوبيېكتلىرى كۆپ، لىنىيە ئۇزۇن، دائىرە كەڭ، خىزمەت مىقدارى كۆپ، مەمۇرىي ئاپپاراتلار كۆپ، مالىيىدىن چىقىم قىلىش قۇرۇلمىسىدىكى باشقۇرۇش خىراجىتىنىڭ مۇقىم چىقىمى كۆپ. مالىيە باقىدىغان نوپۇس كۆپ، ئالاھىدە مەخسۇس تۈرلەر چىقىمى كۆپ، نۇرغۇنلىغان ئاممىۋىي مۇلازىمەتلەر كۆلەملىك ئۈنۈم يارىتالمايدۇ.

**تەدبىر (2): ئىدىيىنى ئازاد قىلىش، دەۋرگە يېتىشىش، كۆزقاراش ۋە ئىستىلنى ئۆزگەرتىش.**

ئىدىيىدىكى بېكىنمىچىلىك، كونا كۆزقاراش، دەۋرنىڭ تەرەققىيات قەدىمىگە يېتىشەلمەسلىك — ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان چوڭ بىر توسالغۇ. بىرىنچىدىن، يېڭى تەرەققىيات قارىشىنى

تۇرغۇزۇش، ئۆتكەن يۈز يىلنى ئەسلەش، ئەسىر توغرىسىدا ئويلىنىش لازىم. نۇرغۇن ئوقۇمۇشلۇق زاتلار ئىقتىساد — جەمئىيەت — تەبىئەت (مۇھىت ئېكولوگىيىسى، تەبىئىي بايلىق) ئۈچى بىرلەشتۈرۈلگەن سىستېمىلىق ماس تەرەققىي قىلىش يولىنىڭ توغرا يول ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. ئىككىنچىدىن، يېڭى بايلىق قارىشىنى تۇرغۇزۇش لازىم. پەن - تېخنىكا ئۇچقاندەك ئالغا بېسىۋاتقان، بىلىم ئىگىلىكى يېتىپ كەلگەن دەۋردە، مەھسۇلات ماركىسى، ماركا، پاتېنت، بازار تورى، ئۇچۇر، يېڭىلىق يارىتىش مۇھىتى قاتارلىق كېيىن ئېرىشىدىغان بايلىق بىلەن يېڭىلىق يارىتىش ئىختىساس ئىگىلىرى بارغانسېرى كۆپەيمەكتە. ئادەم كۈچى بايلىقىنى ئېچىش بىلەن يۇمشاق بايلىقلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش ئىنتايىن مۇھىم. ئۈچىنچىدىن، يېڭى ئەۋزەللىك قارىشىنى تۇرغۇزۇش لازىم، غەربىي قىسىمدىكى رايونلار قۇرۇلمىلارنى تەڭشەش بىلەن قۇرۇلمىلارنى تاللاشتا «ئوخشىماسلىق ئىچىدىن ئوخشاشلىقنى ئىزدەش، ئوخشاشلىق ئىچىدىن ئوخشىماسلىقنى ئىزدەش» فاڭجېنىنى قوللىنىپ، رىقابەت ئەۋزەللىكىگە ئىگە بولغان رايون ئالاھىدە ئىقتىسادىنى بەرپا قىلىپ، خەتەرنى ئازايتىپ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. تۆتىنچىدىن، يېڭى ئۇنۇم قارىشىنى تۇرغۇزۇش لازىم، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىقتىسادىدا ئۇنۇمنى مەركەز قىلىپ، يۇقىرى ھوسۇللۇق، ئەلا سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۇنۇملۈك بولۇش يولىدا مېڭىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. بەشىنچىدىن، يېڭى ئىسلاھات ۋە يېڭىلىق يارىتىش قارىشىنى تۇرغۇزۇش لازىم، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، جاسارەت بىلەن ئىزدىنىپ ئىشلەش، ئارقىدىن يېتىشىۋېلىشتەك يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ياردەمگە زىيادە يۆلىنىۋېلىش، ساقلاپ تۇرۇش، قوبۇل قىلىشتەك ئىدىيىنى يېڭىش كېرەك.

**تەدبىر (3): غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشتا چوقۇم ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش كېرەك.**

ئىستراتېگىيىلىك نەزەر دائىرىسىنى چىقىش قىلىپ، تېخىمۇ چوڭ ئىرادە باغلاپ، تېخىمۇ كۆپ سېلىنما ئارقىلىق ئاۋۋال قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش ھەمدە مۇۋاپىق ئالدىدا مېڭىش كېرەك. تاش يول قۇرۇلۇشىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، تۆمۈر يول، ئايرودروم، تەبىئىي گاز تۇرۇبا لىنىيىسى قۇرۇلۇشىنى، ئېلېكتر تورى، ئالاقە، رادىئو - تېلېۋىزىيە ۋە چوڭ، ئوتتۇرا ھال شەھەرلەرنىڭ ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش لازىم، بولۇپمۇ سۇ بايلىقىنى مۇۋاپىق ئېچىش ۋە سۇنى تېجەش خىزمىتىنى گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇش لازىم. چوڭ تايانچلىق قۇرۇلۇشلارغا ئالاقىدار تەتقىقات، دەلىللەش ۋە ئالدىنقى باسقۇچلۇق تەييارلىق خىزمەتلىرىنى چىڭ تۇتۇپ ياخشى ئىشلەپ، قۇرۇشتا بالدۇراق ئىش باشلاشنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك.

**تەدبىر (4): غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشتا پەن - تېخنىكا ۋە مائارىپنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك.**

بىرىنچىدىن، ھازىر بار بولغان پەن - تېخنىكا كۈچىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى ئۆز-

گەرتىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇپ قوللىنىشنى تېزلىتىش لازىم. ئىككىنچىدىن، تۈرلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ دۆلەت ئىچى – سىرتىدىكى تۈرلۈك ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش، ئېلىپ قېلىش، كىرگۈزۈش ھەمدە ئۇلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك. ئۈچىنچىدىن، مائارىپنى ئاۋۋال تەرەققىي قىلدۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىپ، ئالىي مائارىپنى ياخشىلاش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇل مائارىپنى ياخشىلاشقا كۈچ سەرپ قىلىپ، توققۇز يىللىق مەجبۇرىي مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ياش، ئوتتۇرا ياش كىشىلەردىكى ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ئەمگەكچىلەرنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيلىك ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى ياخشىلاش لازىم.

**تەدبىر (5): غەربىي قىسىمنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش جەريانىدا، مەدەنىيەت تونۇشى جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى كۈچەيتىش كېرەك.**

بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان مەدەنىيەت تونۇشى ھەرقايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئۆزئارا چۈشىنىش ۋە ئالماشتۇرۇش، ئۆزئارا تايىنىش ۋە ھۆرمەت قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. بىزنىڭ شەرقىي قىسىمنى ئېچىش جەريانىدىكى ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى، ئەمما مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا يەنىلا نۇرغۇن مەسىلىلەر ساقلانماقتا، غەربىي قىسىمنى ئېچىشتا بۇنىڭدىن ئىبرەت ئېلىشىمىز كېرەك. يەنە بىر دىققەت قىلىشىمىزغا تېگىشلىك مەسىلە شۇكى، شەرقىي قىسىمنى ئېچىش ئاساسەن يالغۇز بىر مىللەت ئىچىدە ئېلىپ بېرىلدى، ئۇنىڭدا گەۋدىلەنگەن زىددىيەتنىڭ كۆپىنچىسى بىر مىللەت ئىچىدىكى زىددىيەتتۇر، غەربىي قىسىمنى ئېچىش بولسا نەچچە ئون مىللەتكە چېتىلىدۇ، مەدەنىيەت ئالاقىسى ۋە تونۇشى بولمىسا، مەدەنىيەتنىڭ قوشۇلۇش جەريانىدا مىللىي ئىختىلاپ كېلىپ چىقىدۇ، ھەتتا ئۇ غەربىي قىسىمنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش پۈتكۈل جەريانىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ، بۇ نۇقتا بىزنىڭ دىققىتىمىزنى قوزغىشى لازىم. تىرىشىپ ئېتنوگرافىك بايلىقنى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلاندۇرۇشىمىز لازىم.

**تەدبىر (6): غەربىي قىسىمنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇشتا چوقۇم يېڭى تەرەققىيات يولىدا مېڭىش لازىم.**

غەربىي قىسىمنى ئېچىشتا ئۆز ئۆلكە (ئاپتونوم رايونىمىز) مىزنىڭ تارىخىي تەجرىبىسى ۋە ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەپلا قالماستىن، يەنە شەرقىي قىسىمدىكى رايونلار ھەتتا چەتئەلنىڭ ئوخشاپ كېتىدىغان رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىدىكى تەجرىبە ساۋاقلىرىنى تەتقىق قىلىپ، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، ئېكولوگىيە ۋە مەدەنىيەتكە ئويغۇن كېلىدىغان، داۋاملىق تەرەققىي قىلىدىغان توغرا يول ئۈستىدە ئىزدىنىشىمىز كېرەك. بىرىنچىدىن، بۇ يولنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى يۇقىرى يەنى داۋاملىق تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئالدىنقى شەرت قىلىش، ئىقتىسادنىڭ ئېشىش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشتە چوقۇم مۇھىتنى ئاسراش بىلەن ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش لازىم. غەربىي قىسىم دۆلىتىمىزدىكى چوڭ دەريالارنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا جايلاشقان بولۇپ، ئېكولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاشتىكى مۇھىم ھالقا «مەنبە» دە، ئۇ پۈتۈن مەملىكەتنى-

مىزنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنىڭ تە-
رەققىياتىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ.
ئۇنىڭ ئۈستىگە غەربىي قىسمىنىڭ تەبىئىي
ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىمۇ ئىنتايىن ئا-
جىز. شۇڭا، غەربىي قىسمىنى ئېچىشنى
مۇھىت ئاسراش بىلەن تەڭ ئېلىپ بېرى-
شىمىز لازىم. ئىككىنچىدىن، مەزمۇنى ئە-
مەلىي بولۇشى، يەنى يېزا ئىگىلىكى (يېزا
دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق،
سۇ ۋە تۇپراقتىن ئىبارەت كەڭ مەنانى ئۆز
ئىچىگە ئالىدۇ) نى مەركەز قىلىپ، ئىسلا-
ھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش
ۋە ئىلىم - پەن، مائارىپنى تەرەققىي قىل-
دۇرۇشتا چىڭ تۇرۇشنى ھەرىكەتلەندۈر-
گۈچ كۈچ قىلىپ، قەدەم باسقۇچلۇق، تەر-
تىپلىك ھالدا يېزىلارنى شەھەرلەشتۈرۈش،
دېھقانچىلىقنى كەسىپلەشتۈرۈش (سانائەت-
لەشتۈرۈشنىڭ ئاساسى)، دېھقانلارنى ئىش-
چىلاشتۇرۇش، مۇھىتنى گۈزەللەشتۈرۈش
يولىنىشنى بويلاپ بايلىقلارنى ئورۇنلاشتۇ-
رۇپ، يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزىلاردا سانائەت
ۋە شەھەر تەرەققىياتىنى يېتىلدۈرۈپ، سا-
نائەت ۋە شەھەرلەرنى يېزا ئىگىلىكى ۋە
يېزىلارنىڭ كەسىپ ئۆزگەرتىشى ۋە تەرەق-
قىي قىلىشىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان قى-
لىپ، ئۇلارنى ئۆزئارا تۈرتكە بولىدىغان
ياكى بىر - بىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگى-
رى سۈرىدىغان قىلىپ، ئىككى خىل ئىق-
تىسادىي قۇرۇلمىنى تەدرىجىي تۈگىتىپ،
غەربىي قىسمىنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇپ،
زامانىۋىلاشتۇرۇش ۋە ئورتاق بېيىش ئو-
لۇغۋار نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم.
ئۈچىنچىدىن، تەدبىرلەر قاتتىق بولۇشى
كېرەك، يەنى ھەرقايسى جاينىڭ ئەمەلىيى-
تىنى چىقىش قىلىپ، ئومۇمىيلىقنى ئى-
گىلەپ ۋە يىراقنى كۆزلەپ، باسقۇچقا بۆ-
لۈپ، ھەقىقىي يولغا قويۇشقا بولىدىغان
تەدبىرلەرنى نۇقتىلىق قوللىنىش كېرەك.

**تەدبىر (7): غەربىي قىسمىنى
كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيە-
سىنى يولغا قويۇشتا مەۋقەنى ئۆزد-
نىڭ ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇشقا
قويۇش كېرەك.**

بىرىنچىدىن، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە
دۆلەت يولغا قويغان ياكى يولغا قويۇش ئال-
دىدا تۇرغان ئىسلاھات ئېچىۋېتىش سىيا-
ستىدىكى ئەڭ ھالقىلىق، ئەڭ مۇھىم بول-
غان تەرەپلەرگە تايىنىش لازىم، بۇنىڭدىكى
مۇھىم ھالقا — سىياسەتتىن ياخشى پايدى-
لىنىش، تولۇق پايدىلىنىش، جانلىق پايدى-
لىنىش، ئەپچىللىق بىلەن پايدىلىنىشتىن
ئىبارەت. ئىككىنچىدىن، ئۆز ئىقتىدارىغا
ۋە ھوقۇقىغا تايىنىش كېرەك. ئۈچىنچى-
دىن، ئۆزىدىكى ئەۋزەللىككە، ئالاھىدى-
لىككە تايىنىش لازىم، غەربىي قىسمىنىڭ
بىر ئەۋزەللىكى شۇكى، غەربىي قىسمىنىڭ
بايلىقى مول، بۇ ئەۋزەللىكتىن تولۇق پاي-
دىلىنىش، بايلىقلارنى مەبلەغكە، بازارغا،
ياردەمگە، ئىختىساس ئىگىلىرىگە ئالماشتۇ-
رۇشقا جۈرئەت قىلىش كېرەك. تۆتىنچى-
دىن، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئاكتىپچان-
لىقى ۋە ئىجاتچانلىقىغا تايىنىش كېرەك،
ئاممىنىڭ ئىجاتچانلىق روھىغا تولۇق ھۆر-
مەت قىلىپ، ئاممىنىڭ ئاكتىپچانلىقىغا
ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، ئۇ-
لارغا كۆپرەك يېتەكچىلىك قىلىش، ئۇلار-
نى ئازراق چەكلەش لازىم.

**تەدبىر (8): غەربىي قىسمىدىكى
رايونلاردىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتى
مەسىلىسىنى مۇۋاپىق ھەل قىلىپ،
غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئې-
چىش ئىستراتېگىيىسىنىڭ يولغا قو-
يۇلۇشى ئۈچۈن ياخشى ئىجتىمائىي
مۇھىت يارىتىش لازىم.**

غەربىي قىسمىدىكى رايونلار ئاسىلى-

قى ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر توپ-
لىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلار بولۇپ، بۇ
رايونلاردىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ قاي-
داقلىقى جۇڭگو مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ
قانداقلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇڭا،
غەربىي قىسمىدىكى رايونلاردىكى مىللەتلەر
مۇناسىۋىتى مەسىلىسىنى ياخشى بىر تەرەپ
قىلىش دۆلەتنىڭ تىنچ - ئىتتىپاقلىقىدا
ئىنتايىن مۇھىم. غەربىي قىسمىدىكى را-
يونلاردىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدە بىرنەچ-
چە جەھەتتە دىققەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.
بىرىنچى، بۇ رايونلار چەت، چېگرا رايونلا-
رغا جايلاشقانلىقتىن، سۇ، ئوتلاق، ئور-
مان، كان بايلىقى قاتارلىق جەھەتلەردىكى
زىددىيەتتە بەزى ئىختىلاپلار كۆرىلىدۇ،
تۈرلۈك بايلىقلارنى ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن
پايدىلىنىشقا ئەگىشىپ، بۇ جەھەتتىكى
زىددىيەتلەر يەنىلا كۆرۈلۈپ تۇرىۋاتىدۇ.
گەرچە بۇ مەسىلىلەر خەلق ئىچىدىكى زىد-
دىيەتكە ياتمىسىمۇ، ئەمما ئۇ ياخشى بىر
تەرەپ قىلىنمىسا مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە-
مۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئىككىنچى، غەر-
بىي قىسمىدىكى رايونلاردىكى بولۇپمۇ
چەت، چېگرا رايونلاردىكى بەزى مىللەتلەر
چېگرا ھالقىپ ئولتۇراقلاشقان، ئۇلارنىڭ
تىل، مەدەنىيەت، دىن قاتارلىق ئارقا كۆ-
رۈنىشى ئوخشاش بولغاچقا، مىللەتلەر مۇنا-
سىۋىتى ئاسانلا خەلقئارا ئامىلنىڭ تەسىرىگە
ئۇچرايدۇ، شۇڭا خەلقئارا دۈشمەن كۈچلەر
ئۇنى ئېلىمىزگە قارىتا سىڭىپ كىرىش ۋە
بۆلگۈنچىلىك قىلىشتىكى بۆسۈش ئېغىزى
قىلىۋالغان، بۇ رايونلاردا بۆلگۈنچىلىك بە-
لەن بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۆرەش ئۇزۇن
مۇددەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئۈچىن-
چى، غەربىي قىسمىدىكى رايونلاردىكى بە-
زى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كۆپ قىسمى
دىنغا ئېتىقاد قىلىدۇ، بۇ رايونلاردىكى
مىللىي مەسىلە داۋاملىق دىنىي مەسىلە بە-
لەن گىرەلىشىپ كەتكەن بولىدۇ، مىللەت-
لەر مۇناسىۋىتى مەسىلىسى دىنىي ئامىل-
نىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماي قالمايدۇ، شۇڭا
ئۇنى بىر تەرەپ قىلىش نىسبەتەن مۇرەك-
كەپ. يۇقارقى ئالاھىدىلىكلەرگە قارىتا،
بىز غەربىي قىسىمنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش
ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشتا غەربىي
قىسمىدىكى رايونلاردىكى مىللەتلەر مۇناسە-
ۋىتى مەسىلىسىنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قى-
لىشىمىز ۋە ئۇنىڭغا ھەقىقىي ئەھمىيەت
بېرىشىمىز ھەمدە تۆۋەندىكى بىر نەچچە
ھالقىنى چىڭ تۇتىشىمىز كېرەك: بىرىن-
چىدىن، ھەر مىللەت ئامما ئوتتۇرىسىدا
يۈز بەرگەن بەزى زىددىيەت ۋە ئىختىلاپلارغا
قارىتا، تەربىيە بېرىش، يېتەكلەش ئۇسۇ-
لىنى قوللىنىپ، تۈرلۈك زىددىيەتنى ۋاق-
تىدا پەسەيتىپ، مەسىلىنى بىخ ھالىتىدە
ھەل قىلىش كېرەك. ئىككىنچىدىن، ھەر
مىللەت كادىرلىرىغا بولغان ئىدىيىۋىي تەر-
بىيىنى چىڭ تۇتۇپ، ئۇلارنى توغرا بولغان
مىللەت قارىشى ۋە دىن قارىشىنى تۇرغۇ-
زۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ۋەتەننىڭ
بىرلىكىنى قوغداش ئىمكانىيىتىگە ئىگە
قىلىپ، ئۇلارنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىككە
قارشى تۇرۇش ئىدىيىۋىي سىياسىي ئېڭىنى
ئۆستۈرۈش، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە دىن-
دىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بېرىلغان قانۇنسىز
ھەرىكەتلەر بىلەن كۆرەش قىلىش ئاڭلىقلى-
قىنى ئۆستۈرۈش، ئاز سانلىق مىللەت را-
يونلىرىدىكى تۈرلۈك مۇرەككەپ زىددىيەت-
لەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆس-
تۈرۈش كېرەك. ئۈچىنچىدىن، مەركەز ۋە
ئاپتونوم رايوننىڭ دىن ئىشلىرىغا بولغان
باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، دىندىن پايدىلى-
نىپ ئېلىپ بېرىلغان قانۇنسىز ھەرىكەت-
لەرگە قارشى تۇرۇش توغرىسىدىكى بەلگە-
لىمىلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك، توغرا ئىز-
چىللاشتۇرۇپ، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار ۋە

*نورمال دىنىي پائالىيەتلەرنى بايراق روشەن ھالدا قوغداپ، دىندىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بېرىلغان قانۇنسىز ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇرۇپ، دىندىن پايدىلىنىپ بۆلگۈنچىلىك قىلىش، بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا ئۇرۇنىدىغان جىنايەتچى ئۇنسۇرلارغا زەربە بېرىپ، دىنىنى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىشقا پائال يېتەكلەش كېرەك.*

*قىسقىسى، غەربىي قىسىمنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش سىياسەت، ئىقتىساد، جەمئىيەت، مەدەنىيەت قاتارلىق تەرەپلەردىكى مەسىلىلەرگە چېتىلىپلا قالماستىن، ئوخشاشلا مىللەت، دىن قاتارلىق جەھەتلەردىكى مەسىلىلەرگىمۇ چېتىلىدۇ، بۇنىڭغا قارىتا يېنىكلىك قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ. بۇ بىزنىڭ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، بىر خىل يېڭىلىق يارىتىش روھى بىلەن، كۆپ قاتلاملىق، كۆپ تەرەپلىك بولۇشنى چىقىش قىلىپ، ھازىرقى دەۋر جۇڭگودىكى مىللەتلەر مەسىلىسىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ ۋە ئۇ توغرىدا ئىزدىنىپ، دۆلەتنىڭ تەدبىر بەلگىلىشىگە قارىتا پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە بولغان تەتقىقات نەتىجىلىرىنى كۆپرەك قولغا كەلتۈرۈپ، غەربىي قىسىمدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرۇش تارىخىي مۇساپىسىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك 21 ـ ئەسىرگە سىلجىتىش كېرەك.*

*تەرجىمە قىلغۇچى:*
*قۇربان مەھەممەت*
*مەسئۇل مۇھەررىرى:*
*ئەركىن ئىمىنىياز*

---

(بېشى 40 ـ بەتتە)

رول ئويناش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

## ئاخىرقى سۆز

دىن ئىنسانلار جەمئىيىتىدە ئەڭ دەسلەپ بارلىققا كەلگەن ئىدېئولوگىيىنىڭ بىرى، شۇنداقلا ئىنتايىن ئومۇملاشقان ئىجتىمائىي ھادىسە. بۈگۈنگە قەدەر، تېخى ھېچقانداق بىر دۆلەت، ھېچقانداق بىر مىللەت دىندىن مۇستەسنا ئەمەس. دىن بىر خىل ئالاھىدە ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيە ۋە ئىجتىمائىي كۈچ بولۇش سۈپىتى بىلەن مەيلى تارىخ ۋە ھازىرقى ئەمەلىي تۇرمۇشتا بولسۇن كەڭ تەسىرگە ئىگە. دىن دۆلىتىمىزدە ئۇزۇن مۇددەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، دىنىي مەسىلە ياخشى بىر تەرەپ قىلىنمىسا ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا تەسىر كۆرسىتىدۇ. دىنىي مەسىلىلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش ۋە ئۇنى توغرا تونۇش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ بىر مەزمۇنى. 1993 ـ يىلى، باش شۇجى جياڭ زېمىن مەملىكەتلىك بىرلىكسەپ خىزمىتى يىغىنىدا سۆز قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: دىنىنى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىشقا پائال يېتەكلەش دىن خىزمىتىنىڭ ئاساسىي مەقسىتى. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى دىنىنى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشنىڭ نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتىنى ئەسلىگىنىمىزدە، ئۇ بىزنى دىنىنى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىشقا پائال يېتەكلەش خىزمىتىنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى يەنىمۇ ياخشى تونۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

تەرجىمە قىلغۇچى:
قۇربان مەھەممەت
مەسئۇل مۇھەررىرى:
ئەركىن ئىمىنىياز

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۈچىنچى تۈركۈم مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتىدىكى نەمۇنە شەخس ۋەكىللىرىنىڭ ئىچكىرى جايلارغا بېرىپ ئېكىسكۇرسىيە، ئۆگىنىش قىلغانلىق خاتىرىسى

## 1. ئاساسىي ئەھۋال

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق
خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ
مۇئاۋىن مۇدىرى مىجىت ناسىر ۋە ئاپتونوم
رايونلۇق مىللەتلەر، دىن ئىشلىرى كومى-
تېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى خىسامىدىن يې-
تەكچىلىكىدىكى ئاپتونوم رايونلۇق ئۈچىن-
چى تۈركۈم مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تە-
رەققىياتىدىكى نەمۇنە شەخس ۋەكىللىرى-
نىڭ ئىچكىرى جايلارغا بېرىپ ئېكىسكۇر-
سىيە، ئۆگىنىش قىلىش ئۆمىكى 6 ـ ئاي-
نىڭ 26 ـ كۈنىدىن 7 ـ ئاينىڭ 18 ـ
كۈنىگىچە بولغان 23 كۈن ئىچىدە خېبېي،
شەندۇڭ، لياۋنىڭ، بېيجىڭ قاتارلىق ئۆل-
كە شەھەرلەردىكى ئېكىسكۇرسىيە، ئۆگى-
نىش ۋەزىپىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك
ئورۇنلاپ، ئۈرۈمچىگە ئوڭۇشلۇق قاي-
تىپ كەلدى.

ئېكىسكۇرسىيە، ئۆگىنىش ئۆمىكى
ئەزالىرى 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر
ۋە ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى-
دىن كەلگەن ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق،
قىرغىز، موڭغۇل، خۇيزۇ، ئۆزبېك، تا-
جىك، رۇس قاتارلىق 9 مىللەتتىن بولغان
30 ۋەكىلدىن تەركىب تاپقان. ئۇنىڭ ئى-
چىدىكى 90 پىرسەنتتىن كۆپرەك ۋەكىل
1994 ـ يىلىدىن بۇيان گوۋۇيۈەن، دۆلەت-
لىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ۋە
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن
تەقدىرلەنگەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تە-
رەققىياتىدىكى نەمۇنە شەخسلەر بولۇپ، ئۇ-
لارنىڭ ئىچىدە 13 نەپەر دېھقان ـ خارۋىچى
(7 نەپەر كەنت كادىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە
ئالىدۇ)، 3 نەپەر ئىشچى، 2 نەپەر تىببىي
خادىم، 11 نەپەر ئاساسىي قاتلام كادىرى
(ناھىيە ـ باشقارما دەرىجىلىك 5 كادىرمۇ
شۇنىڭ ئىچىدە)، 6 نەپەر ئايال ۋەكىل
بار. ئۇلارنىڭ ئەڭ چوڭى 62 ياش، ئەڭ
كىچىكى 32 ياش.

ئېكىسكۇرسىيە، ئۆگىنىش ئۆمىكى-
دىكىلەر 2000 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 26 ـ
كۈنى ئۈرۈمچىدىن پويىزغا ئولتۇرۇپ يولغا
چىقىپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ خېبېي
ئۆلكىسىنىڭ شىجياجۇاڭ شەھىرى، شەن-
دۇڭ ئۆلكىسىنىڭ جىنەن شەھىرى، چۈفۇ
شەھىرى، تەيئەن شەھىرى، چىڭداۋ شەھە-
رى، ۋېيخەي شەھىرى، يەنتەي شەھىرى
شۇنداقلا لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ دالىيەن
شەھىرى، پايتەخت بېيجىڭ شەھىرىگە بې-
رىپ ئېكىسكۇرسىيە ۋە ئۆگىنىشتە بو-
لۇپ، 7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئۈرۈمچىگە
قايتىپ كەلدى. ئېكىسكۇرسىيە، ئۆگى-
نىش قىلىش ئۆمىكى خېبېي ئۆلكىسىدە
جاۋشيەن ناھىيىسىنىڭ جاۋجوجياۋ كۆۋرۈ-
كىنى، بولىن قەدىمى ئىبادەتخانىسىنى،
پىڭشيەن ناھىيىسىنىڭ شىبەيپو كەنتىدىكى
جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركە-
زىي كومىتېتىنىڭ شۇ يەردە تۇرۇشلۇق

خاتىرە ئورنىنى، شىنجياڭدىكى دۆلەت
دەرىجىلىك يۇقىرى - يېڭى پەن - تېخنىكا
ئىقتىسادىي تەرەققىيات رايونىنى، خوابىي
دورا ئىشلەپچىقىرىش گورۇھى ۋە شىنخۇا
سودا بازىرىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدى.
شەندۇڭ ئۆلكىسىدە «پۈتۈن ئۆلكە بويىچە
بىرىنچى بازار» دېگەن نامى بولغان جىنەن
شەھىرى تىيەنچياۋ رايونىدىكى بېيۈەن بازى-
رى ۋە بۇ بازاردىكى چېكىخې كەنتىنى ئې-
كىسكۇرسىيە قىلدى. مەشھۇر دامىڭخۇ
كۆلى ۋە باۋتۇچۇەن باغچىسىنى ساياھەت
قىلدى، جىنەن شەھىرىدىكى خۇيمىن رايو-
نى ۋە نەندا ئىبادەتخانىسىنى، نۇسى (ئايال-
لار ئىبادەتخانىسى) ئىبادەتخانىسى ۋە بېيدا
ئىبادەتخانىسىنى زىيارەت قىلدى. ئاز سان-
لىق مىللەت دىنىي زاتلىرى بىلەن سۆھ-
بەتلەشتى، يەنە كوڭزىنىڭ يۇرتى چۈفۇ،
شەرقىي يۆتەيشەن، چىڭداۋ لاۋسەن، خەي-
ئېر گورۇھى، يەنتەي فېڭسەي، ۋېيخەي
ليۇگوڭداۋ، جياۋۇ ئورۇشى خاتىرە سارد-
يىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدى. لياۋنىڭ
ئۆلكىسىدە دالىيەن كىمە سازلىق زاۋۇتى،
خەنۋېي كارخانا گورۇھى، داياۋۋەن پورتى،
بېيلاڭ پورتى، دالىيەن مىللەتلەر ئىنىس-
تىتۇتى، لۈسۇنكو ياپونىيە - رۇسىيە ئۇ-
رۇشى خارابىسى، دالىيەن كۆرگەزمە مەر-
كىزى، دالىيەن ئىقتىساد تېخنىكا تەرەققى-
يات رايونىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدى. بېي-
جىڭ شەھىرىدە، تيەنئەنمېن مەيدانى، گو-
گوڭ مۇزېيى، «گۈزەل زېمىن»، (بادا-
لىڭ) سەددىچىن ۋە شىسەنلىڭ (13 خان
قەبرىسى) قاتارلىق جايلارنى ئېكىسكۇرسى-
يە قىلدى.

ئېكىسكۇرسىيە، ئۆگىنىش قىلىش
ئۆمىكى بارغانلا يەردە، يۇقىرى ئۆلچەم-
لىك، قىزغىن كۈتۈۋېلىشقا سازاۋەر بول-
دى. ئۆلكىلىك پارتكوم، شەھەرلىك پارت-
كوم، خەلق قۇرۇلتىيى، خەلق ھۆكۈمى-
تى، مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ۋە دىن
خىزمىتى تارماقلىرىنىڭ ئالاقىدار رەھبەر-
لىرى ئېكىسكۇرسىيە ئۆمىكىنىڭ بارلىق
ئەزالىرى بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى، ئې-
كىسكۇرسىيە ئۆمىكىنىڭ بارلىق ئەزالىرى
نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىش، ئىدىيىسىنى
ئازات قىلىش، ئىلغارلىقلارنى ئۆگىنىش،
بىلىم سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشنى مەقسەت
قىلىپ، ھەرقايسى جايلار ۋە ئورۇنلارنىڭ
چۈشەندۈرۈشلىرىنى ئەستايىدىل ئاڭلىدى
ھەمدە ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، ئۇلار-
نىڭ ئىتتىپاقلىشىش، جاپاغا چىداپ كۆ-
رەش قىلىش، بىرىنچىلىكنى قولغا كەلتۈ-
رۈش روھىنى ئۆگىنىدىغانلىقلىرىنى بىل-
دۈرۈشتى.

## 2. ئېكىسكۇرسىيە، ئۆگىنىش هاسىلاتى

1) ئېكىسكۇرسىيە ئۆمىكىدىكى ۋە-
كىللەر ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش شۇنداقلا
ۋەزىيەت، سىياسەت توغرىسىدا بىۋاستە
بولغان بىر قېتىملىق تەربىيىگە ئىگە بول-
دى. ئېكىسكۇرسىيە، ئۆگىنىش ئارقىلىق
ۋەكىللەر ئىچكىرىدىكى جايلارنىڭ ئىسلا-
هات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زا-
مانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا قولغا كەلتۈ-
رۈلگەن زور مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئۆز كۆزى
بىلەن كۆرۈپ، نەزەر دائىرىسىنى يەنىمۇ
كېڭەيتىپ، ئىدىيىسىنى ئازات قىلىپ،
ئۆز خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش،
ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق غەربىي قى-
سىمنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنى كۈتۈۋې-
لىش، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلە-
تىش جەھەتتىكى تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى
ۋە بۇرچ تۇيغۇچىنى كۈچەيتتى.

ئېكىسكۇرسىيە، ئۆگىنىش قىلىش
جەريانىدا، ۋەكىللەر ئىچكىرى جايلارنىڭ
بولۇپمۇ دېڭىز ياقىسىدىكى جايلارنىڭ ئىس-

لاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغان 22 يىلدىن بۇيان قولغا كەلتۈرگەن ئالەمشۇمۇل نەتىجىلىرىنى كۆردى. ئۇلارنىڭ نەتىجىلىرىنى ماختاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، شىنجاڭ بىلەن بولغان پەرقىنى ۋە كەلگۈسى ئۈمىدلەرنى كۆردى.

90 - يىللاردىن بۇيان، بولۇپمۇ 1992 - يىلى يولداش دېڭ شياۋپىڭ جەنۇبنى كۆزدىن كەچۈرۈپ مۇھىم سۆز قىلغاندىن كېيىن، خېبېي، شەندۇڭ، چېڭداۋ، دالىيەن، بېيجىڭ قاتارلىق ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ ئىقتىسادىي ۋە تۇرلۇك ئىجتىمائىي ئىشلىرىدا تېز، ساغلام تەرەققىي قىلىشتەك ياخشى ۋەزىيەت شەكىللەندى. خېبېي ئۆلكىسىنىڭ 1999 - يىلىدىكى ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى مەملىكەت بويىچە 6 - ئورۇنغا (445 مىليارت 600 مىليون يۈەن) ئۆتۈپ، تەرەققىيات سۈرئىتى قوش خانىلاپ ئېشىپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئىقتىسادىي چوڭ ئۆلكىلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالغان. بۇ ئۆلكىنىڭ قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى مەملىكەت بويىچە 1 - ئورۇنغا، مېتاللورگىيە - پولات ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى مەملىكەت بويىچە 2 - ئورۇنغا ئۆتكەن. يۇقىرى سۈرئەتلىك تاش يول ئومۇمىي ئۇزۇنلىقى 1000 كىلومېتىرلىق ئۆتكەلنى بېسىپ ئۆتۈپ، مەملىكەت بويىچە 3 - ئورۇنغا (شەندۇڭ، گۇاڭدۇڭنىڭ ئارقىسىغا تىزىلىدۇ) ئۆتكەن. ئۇلار مەملىكەت بويىچە بىر تۈركۈم داڭلىق كارخانىلارنى قۇرغان ۋە داڭلىق مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقارغان. مەسىلەن: خۇابېي دورا ئىشلەپچىقىرىش گۇرۇھىنىڭ ئاسىيا بويىچە ئەڭ چوڭ بولغان باكتېرىيىگە قارشى دورىلارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان زاۋۇتى، مەملىكەت بويىچە مەھسۇلات مىقدارى ئەڭ كۆپ بولغان يىدوڭ سېمونت زاۋۇتى، چېڭخۇاڭداۋ ئەينىكى، تاڭشەن فار - فور بۇيۇملىرى ۋە چېڭدې لۇلۇ ئىچىملىكى «تاڭ نۇرى» ماركىلىق سوغاق چاي قاتارلىق بىر يۈرۈش مەھسۇلاتلارنىڭ مەھسۇلات مىقدارى ۋە ئۈنۈمى مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىكەن. شىجياجۇاڭ شەھىرىدىكى شىنخۇا سودا بازىرىنىڭ يىللىق سېتىش سوممىسى 15 مىليارد 600 مىليون يۈەن بولۇپ، مەملىكەت بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىكەن. بولۇپمۇ شىجياجۇاڭدىكى دۆلەت دەرىجىلىك يۇقىرى يېڭى تېخنىكا ئىقتىسادىي تەرەققىيات رايونى 100 نەچچە چەتئەل كارخانىسىنى ئۆزىگە تارتقان، ئۇنىڭ ئىچىدە دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك 500 كارخانىدىكى 30 نەچچە چوڭ تىپتىكى دۆلەت ھالقىغان كارخانا بار ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى يۇقىرى يېڭى تېخنىكا كارخانىلىرى ئىكەن. بۇلارنى كۆرۈپ، نۇرغۇن ۋەكىللەر — ئۇلارنىڭ يېڭى تېخنىكا ئارقىلىق ئەنئەنىۋىي سانائەتنى ئۆزگەرتىش زامانىۋىي كارخانا تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش، ئىلمىي ئۇسۇلدا باشقۇرۇپ ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش، كۈچلۈك كارخانىلار ۋە داڭلىق مەھسۇلاتلار ئارقىلىق ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى يۈكسەلدۈرۈش، يول، پورت، ئايرودروم، ئېلېكترونلۇق ئالاقە قاتارلىق ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا كاپالەتلىك قىلىشتەك تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىشىمىزگە ئەرزىيدۇ، بىزنىڭ شىنجاڭنىڭ يېرى كەڭ، بايلىقى مول، ئالاھىدە بايلىق ئەۋزەللىكىگە ئىگە، لېكىن نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي تەرەققىيات سۈرئىتى بىلەن سۈپەت جەھەتتە ئىچكىرى جايلار بىلەن زور دەرىجىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ، شۇڭا ئارقىدا قېلىشنى خالىماسلىق، ئىلغارلىقنى قولغا كەلتۈرۈش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ،

غەيرەتكە كېلىپ، جاپاغا چىداپ كۆرەش قىلىپ ئۇلارغا يېتىشىۋالىمىز، دەيدۇ.

جىنەن شەھىرى تيەنچياۋ رايونى بېيۈەن بازىرىنىڭ چىڭخې كەنتىنى ئېكسكۇرسىيە قىلغاندا، ۋەكىللەر شەندۇڭ ئۆلكىسىدىكى بىرىنچى بازار كەنتتىكى ئېگىز بىنالارنى كۆرۈپ، بۇلتۇر پۈتۈن بازارنىڭ ئۈچىنچى كەسىپتىنلا يۇقىرىغا 120 مىليون باج تاپشۇرغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ كەتتى. چىڭخې كەنتى نەچچە يۈز مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ سالدۇرغان بەش يۇلتۇزلۇق لوڭدۇ خەلقئارا مېھمانخانىسى ۋە شەرقىي ئاسىيا ئۆي جاھازلىرى شەھىرى، بۇيۇم سېتىۋېلىش مەركىزىنى كۆرگەندە ئۇ يەرنىڭ ئون نەچچە يىل ئىلگىرى پاتقاق يول، توپا كېسەك ئۆيلەر ئىكەنلىكىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىدى.

«خەيئېر» نۆۋەتتە جۇڭگودىكى ئائىلە ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى ئىچىدە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان ماركا. بۇ كارخانا 15 يىل ئىلگىرىكى بىر كىچىك كوچا ئاچقان كىچىك بىر زاۋۇتتىن تەرەققىي قىلىپ، بۈگۈنكى كۈندىكى خەلقئارادىكى داڭلىق چوڭ كارخانىغا ئايلانغانلىقىنى، ئامېرىكا قاتارلىق بىر نەچچە دۆلەتتە 6 تارماق زاۋۇت قۇرۇپ، جۇڭگو كارخانىلىرىنى خەلقئاراغا يۈزلەندۈرۈشتە باشلامچى بولىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ۋە ئاڭلاپ، ئۈنىڭدىن تولىمۇ خوشال بولدى. ئەمەلىيەت ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ جۇڭگودا پۈتۈن دۇنيا ھەيران قالغۇدەك مۆجىزە ياراتقانلىقىنى ئىسپاتلىدى. كۆپچىلىك ئىچكىرىدىكى كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، بىرىنچىلىكنى تالىشىش، پەن - تېخنىكىغا ئەھمىيەت بېرىش، مەبلەغدىن ئۈنۈم يارىتىش، ھەرقانداق ئىشنى قىلىشقا بەلباغلاشتەك قەيسەرلىك بىلەن ئېلىشىش روھىغا قايىل بولدى.

ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكىدىكىلەر ھەربىر جايغا بېرىپ مەيلى زاۋۇت، يېزا، تەرەققىيات رايونى بولسۇن ياكى مەكتەپلەردە بولسۇن ئىلغار پەن - تېخنىكىنىڭ ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىدا غايەت زور رول ئوينىغانلىقىنى، گۈزەل شەھەر مۇھىتى ۋە مۇكەممەل شەھەر فونكسىيىسىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە خەلق تۇرمۇشىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشتە زور ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھاسىل قىلغانلىقىنى كۆردى. نۇرغۇن جايلاردا شەھەر بىلەن يېزىنىڭ، ئىشچىلار بىلەن دېھقانلارنىڭ پەرقىنى تۈگەتكەنلىكىدىن ئىبارەت خوشاللىنارلىق مەنزىرىنى كۆردى.

ئەمەلىيەت تولۇق ئىسپاتلىدىكى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى — جۇڭگو خەلقىنىڭ جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ئومۇميۈزلۈك 21 - ئەسىرگە سىلجىتىشقا يېتەكچىلىك قىلىدىغان بىردىنبىر توغرا نەزەرىيە. بىز دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، باش شۇجى جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، غەربىي قىسىمنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتىن ئىبارەت تارىخىي پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، بىر نىيەت بىر مەقسەتتە جاپاغا چىداپ كۆرەش قىلىدىغانلا بولساق، شىنجاڭنىڭ تەرەققىيات، قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى غەربىي قىسىمدىكى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭ ئالدىدا ماڭىدىغان قىلالايمىز.

2) ۋەكىللەر جانلىق، مول مەزمۇنلۇق بولغان چوڭقۇر ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىگە ئىگە بولۇپ، ئىدىيىۋى سەۋىيە-

سىنى ئۆستۈرۈپ، پارتىيە ۋە سوتسىيا-
لىزمغا بولغان ئىشەنچىسىنى يەنىمۇ چى-
ڭىتتى. ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى بۇ قې-
تىمقى ئېكىسكۇرسىيە ۋە ئۆگىنىش قى-
لىشنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى بولدى. ھەر-
قايسى جايلارنىڭ ماسلىشىشى ۋە ئەستايى-
دىل ئورۇنلاشتۇرۇشى ئارقىسىدا، ۋەكىل-
لەر قىسقا مۇددەت ئىچىدىلا يەنجاۋ، چىلۇ
زېمىنى، جياۋدوڭ يېرىم ئارىلى، لياۋدوڭ
يېرىم ئارىلىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، نەچچە
مىڭ چاقىرىم يول يۈرۈپ، ۋەتىنىمىزنىڭ
كەڭ، ھەيۋەتلىك، گۈزەل تاغ - دەريالى-
رىنى قانغۇدەك تاماشا قىلىپ، جۇڭخۇا تا-
رىخىنىڭ تولىمۇ ئۇزۇنلىقىنى ھېس قىل-
دى، پارتىيىمىزنىڭ ئېلىمىزنىڭ ئىلغار
مەدەنىيىتىنىڭ ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىگە
ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر
چۈشىنىپ يەتتى.

ۋەكىللەرنىڭ ۋېيخەيدىكى ليۇگۇڭ ئا-
رىلى جياۋۇ ئۇرۇشى خاتىرە سارىيى ۋە
لۈشۈنكودىكى ياپونىيە - رۇسىيە ئۇرۇشى
ئىزناسىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلىپ، 19 -
ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 - ئەسىرنىڭ باشلى-
رىدىكى ئېچىنىشلىق كۆرۈنۈشنى كۆز ئال-
دىغا كەلتۈرگەن چاغدىكى غەزەب - نەپرى-
تىنى تىل بىلەن ئىپادىلەپ بېرىش مۇمكىن
ئەمەس. ئۇلار مۇنداق دېدى: بىز جۇڭخۇا
مىللەتلىرى شانلىق مەدەنىيەت بەرپا قى-
لىپ، دۇنيانىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيىتى
ۋە پەن - تېخنىكىسىغا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى
قوشتۇق. ئەمما يېقىنقى بىرنەچچە يۈز يىل-
دا، چىرىكلەشكەن فېئوداللىق تۈزۈم تۇ-
پەيلىدىن جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىجاتچانلىقى ۋە
ھاياتىي كۈچى زور بېسىمغا ئۇچرىدى. بۇ-
نىڭ بىلەن ئۇلار زامانىۋىلاشقان دۆلەتلەر
قاتارىغا بالدۇرىراق كىرىشتەك تارىخىي تە-
رەققىيات پۇرسىتىدىن مەھرۇم بولدى.
ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن، دۆلىتىمىز يې-
رىم فېئوداللىق، يېرىم مۇستەملىكە دۆلە-
تىگە ئايلىنىپ قالدى ھەمدە جاھانگىرلىك-
نىڭ ھاقارىتى ۋە تاجاۋۇزچىلىقىنىڭ دەردى-
نى يەتكۈچە تارتتى. بۇنىڭدىن چىرىكلىك-
نىڭ ئارقىدا قالدۇرىدىغانلىقىنى، ئارقىدا
قالغاندا بوزەك قىلىنىدىغانلىقىنى كۆرۈۋې-
لىشقا بولىدۇ. يولداش ماۋزېدۇڭ ۋەكىل-
لىكىدىكى بىرىنچى ئەۋلاد جۇڭگو كوممۇ-
نىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىك يادروسى
جۇڭگو خەلقىگە يېتەكچىلىك قىلىپ ئۈچ
چوڭ تاغنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، سوتسىيا-
لىستىك يېڭى جۇڭگونى قۇردى. بۇنىڭ بى-
لەن جۇڭخۇا مىللەتلىرى يۈز يىللىق ئار
- نومۇس ۋە ئازاب - ئوقۇبەتتىن قۇتۇل-
دى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش جۇڭگو خەل-
قى ئۈچۈن بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈش
يولىنى ئېچىپ بەردى. تۈنۈگۈنكى تارىخ ۋە
بۈگۈنكى ئەمەلىيەت پەقەت جۇڭگو كوممۇ-
نىستىك پارتىيىسىنىڭلا پۈتۈن مەملىكەتتى-
كى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق مەنپەئە-
تىگە ۋەكىللىك قىلالايدىغانلىقىنى، ھەر
مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئۇ-
يۇشتۇرۇپ، سوتسىيالىزم يولىنى بويلاپ
ئالغا ئىلگىرىلىتەلەيدىغانلىقىنى تولۇق ئىس-
پاتلاپ بېرىدۇ.

3 ) پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى،
دىن سىياسىتى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى-
تەرەققىياتى تەربىيىسىگە ئىگە بولۇپ، ۋە-
تەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللىي بۆل-
گۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، مىللەتلەر
ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتىنى ئىلگىرى
سۈرۈش ئىشەنچىسىنى مۇستەھكەملىدى.

ۋەكىللەر خېبېي ئۆلكىسى جاۋشەن
ناھىيىسىدىكى بۇددا دىنىنىڭ مۇقەددەس
جايى بولغان بولىن بۇتخانىسىنى، شەندۇڭ
ئۆلكىسىنىڭ جىنەن شەھىرىدىكى نەنذا
مەسچىتىنى، نۇسى (ئاياللار ئىبادەتخانى-
سى) ۋە بېيداسىنى شۇنداقلا تەرىقەتچىلىك

دىنىنىڭ مۇقەددەس جايى بولغان لاۋشەننى ئېكىسكۇرسىيە قىلغاندا، ھەرقايسى ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مىللىي سىياسىتى ۋە دىن سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، پۇقرالارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە قوغداپ، دىنىنى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىشقا يېتەكلەپ، كەڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى ۋەتەننى سۆيۈشكە، دىنىنى سۆيۈشكە، قانۇن-ئىنتىزامغا رىئايە قىلىشقا يېتەكلەپ، ئىجتىمائىي ئاممۋىي پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، خەلقئاراغا دۆلىتىمىز ھۆكۈمىتىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى ئومۇمىيۈزلۈك توغرا نامايان قىلىپ، دۈشمەن كۈچلەرنىڭ ئىغۋاگەرچىلىك قىلىشى ۋە دۆلىتىمىزگە داغ تەككۈزۈش سۈيقەستىنى تارمار قىلغانلىقىنى كۆردى ۋە ئاڭلىدى. بەيلىن بۇتخانىسىنىڭ ئاقساقىلى جىڭ خۇي ۋە لاۋشەندىكى داۋجياۋ ئىبادەتخانىسىنىڭ ئاقساقىلى ليۇ ئۆلىما ئىككىلىسى مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ پەزىلىتى، بىلىمى ۋە تەسىرى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاما ئارىسىدا زور بولۇپلا قالماستىن، ئۇلارنى جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ساھەلەرمۇ ئېتىراپ قىلىدىكەن. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ دىن سىياسىتىنىڭ جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغانلىقىنى، شەكسىز توغرىلىقىنى ھەمدە ئۇنىڭ ياخشى ئىزچىل ئەمەلىيلەشكەنلىكىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئېكىسكۇرسىيە ۋە ئۆگىنىش جەريانىدا، بىز ھەرقايسى ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى كۆردۇق. گەرچە بۇ ئۆلكە، شەھەرلەردە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئاھالىسى نىسبەتەن ئاز بولسىمۇ، ئەمما ھەرقايسى ئۆلكە، شەھەرلەر پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ۋە قانۇن نىزاملىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى كادىرلارنى تەربىيىلەش، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت، مائارىپ، پەن - تېخنىكا قاتارلىق تۈرلۈك ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى مۇھىم ئورۇنغا قويغان ھەمدە بۇ ئارقىلىق قانۇن تۇرغۇزۇش ۋە قانۇن ئىجرا قىلىشنى قېلىپلاشتۇرغان. خېبېي ئۆلكىسىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاھالىسى 2 مىليون 600 مىڭ بولۇپ، پۈتۈن ئۆلكە ئومۇمىي ئاھالىسىنىڭ 3.9 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىكەن، ئەمما خېبېي ئۆلكىسىنىڭ بۇ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ۋە سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان ۋەكىل ۋە ئەزالار ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئومۇمىي ۋەكىل ۋە ئەزالارنىڭ 8.5 پىرسەنتىنى ۋە 8 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىكەن. خېبېي، شەندۇڭ، بېيجىڭ قاتارلىق ئۆلكە، شەھەرلەر يەنە ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ يەرلىك مىللىي سىياسىتى ۋە قائىدە - نىزاملىرىنى تۈزۈپ چىقىپ، يولغا قويۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مىللەتلەر خىزمىتىنى قانۇنچىلىق ئىزىغا سالغان. مەسىلەن، خېبېي ئۆلكىسى «خېبېي ئۆلكىسىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى› نى يولغا قويۇشقا دائىر بىرقانچە بەلگىلىمىسى»، «خېبېي ئۆلكىسىنىڭ تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھوقۇق مەنپەئەتىنى قوغداش نىزامى» (بۇ

يىل 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ يولغا
قويۇلغان)، 6 ئاپتونوم ناھىيىنىڭ ئاپتو-
نومىيە نىزامى ۋە مۇسۇلمانچە يېمەك ـ
ئىچمەك بۇيۇملىرىنى نازارەت قىلىش،
باشقۇرۇش، پىلانلىق تۇغۇت، يەرلىك تاش
يول باشقۇرۇش، چارۋىچىلىق، مېۋە ـ
چېۋە ئىشلەپچىقىرىش قاتارلىق 11 جەھەت-
تىكى 15 يەككە نىزامنى تۈزۈپ چىقىپ،
پۈتۈن ئۆلكىنىڭ بىر قەدەر مۇكەممەل بول-
غان مىللەتلەر، دىن ئىشلىرى خىزمىتىگە
دائىر قائىدە ـ نىزام سىستېمىسىنى ئاسا-
سىي جەھەتتىن شەكىللەندۈرگەن ھەمدە
ئۇنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، ئو-
مۇملاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىزچىل ئەمەلىيلە-
شىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

بىز بارغانلىكى ئۆلكە، شەھەردە،
خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى،
خەلق ھۆكۈمىتىدىن تارتىپ تاكى مىللەت-
لەر، دىن ئىشلىرى كومىتېتلىرىغىچە ئاز
سانلىق مىللەت رەھبىرىي كادىرلىرى سەپ-
لەنگەن. ئۇلار بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلى-
شىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتى-
ساد، مەدەنىيەت، مائارىپ قاتارلىق تۈر-
لۈك ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي
قىلدۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغ-
داش، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق بې-
يىپ ئالغا بېسىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش
ئۈچۈن نۇرغۇن ئۈنۈملۈك خىزمەتنى ئىش-
لەپتۇ. ھەرقايسى جايلار ئۆمىكىمىزدىكى
ئاز سانلىق مىللەتلەرگە غەمخورلۇق قى-
لىپ، كۆپچىلىككە ۋەتىنىمىز چوڭ ئائى-
لىسىنىڭ ئىللىقلىقىنى، ئىچكىرىدىكى
خەلقنىڭ چېگرىدىكى خەلقلەرگە بولغان
چوڭقۇر مۇھەببىتىنى ھېس قىلدۇردى.
قەشقەر ۋىلايىتى مارالبېشى ناھىيىسى شا-
مال يېزىسى تېرەك كەنتىدىن كەلگەن 62
ياشلىق كەنت ياچېيكا شۇجىسى تۇرغۇن ئە-
بەيدۇللا مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئىچكىرىدى-
كى خەنزۇ قېرىنداشلارنىڭ بىز شىنجاڭ-
لىق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇش ئا-
دىتىمىزگە ھۆرمەت قىلىدىغانلىقىنى ھېس
قىلدىم، بۇ يېڭى جۇڭگونىڭ مىللىي سىيا-
سىتىنىڭ ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ
ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى، ئەڭ مۇۋەپپەقى-
يەتلىك بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرى-
دۇ. ۋەكىللەر ھەيۋەتلىك تيەنئەنمېن راۋى-
قىغا چىققاندا، نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزىنى
تۇتۇۋالالمىغان ھالدا كۆزىگە ئىسسىق ياش
ئالدى. بۇلتۇر گوۋۇيۈەن تەرىپىدىن تەق-
دىرلەنگەن ئاقسۇ ۋىلايىتى ئاۋات ناھىيىسى
مولھوسۇل 3 ـ مەيدانى غەربىي سايرات
كەنتى كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ مۇدى-
رى ساۋۇر ساۋۇت مۇنداق دەيدۇ: «مەن
چوڭقۇر ھاياجان ئىلكىدە ۋەتىنىمىزنىڭ يۈ-
رىكى بولغان بېيجىڭغا كېلىپ، پارتىيىمىز
ۋە دۆلىتىمىز رەھبەرلىرى كاتتا مۇراسىم
ئۆتكۈزگەندە چىقىدىغان رەئىس سەھنىسىدە
تۇرغۇنىمدىن ئىنتايىن خوشال بولدۇم ۋە
پەخىرلەندىم، مەن جۇڭخۇا مىللەتلەر چوڭ
ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسى شۇنداقلا ئاددىي
بىر پارتىيە ئەزاسى بولۇش سۈپىتىم بى-
لەن، پارتىيە ئۈچۈن بەزى بىر قىلىشقا
تېگىشلىك خىزمەتلەرنى ئىشلىدىم، مىل-
لەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئور-
تاق بېيىشى ئۈچۈن ئۆزۈمنىڭ بىر كىشى-
لىك ھەسسەمنى قوشتۇم، پارتىيە ۋە خەلق
ماڭا يۇقىرى شەرەپ بەردى. بۇنىڭدىن كې-
يىن، ئەۋلاتلىرىمنى ۋەتەننى قىزغىن سۆ-
يىدىغان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيە-
سىنى قىزغىن سۆيىدىغان، سوتسىيالىزم-
نى قىزغىن سۆيىدىغان قىلىپ تەربىيىلەپ
چىقىمەن، بارلىق مىللىي بۆلگۈنچىلىك
ھەرىكەتلىرى بىلەن قەتئىي كۆرەش قىلى-
مەن».

4) جاپاغا چىداپ كۆرەش قىلىش
ئىنقىلابىي ئەنئەنە تەربىيىسىگە ئىگە بو-

لۇپ، ئاسان قولغا كەلمىگەن بۈگۈنكىدەك بەختلىك تۇرمۇشنى تېخىمۇ قەدىرلەپ، گۈزەل ئەتە ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ تۆھپە قوشىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى.

6 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 79 يىللىقىنى خاتىرىلەش ھارپىسىدا، جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر يېزا قوماندانلىق شتابى بولغان شىبەيپودىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شۇ يەردە تۇرۇشلۇق بۇرۇنقى ئورنى ۋە پارتىيە 1 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 ـ ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلغان جايىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. ۋەكىللەر ماۋزېدۇڭ قاتارلىق پېشقەدەم بىر ئەۋلاد پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرىنىڭ كونا تۇرالغۇسىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، ئۇلار ئەينى ۋاقىتتا تۇرغان ئۆيدىكى ئاددى كارۋات، كەيگەن كىيىم ـ كېچەك، يېپىنغان نېپىز يوتقان ـ كۆرپىلەرنى كۆرۈپ ئىنتايىن تەسىرلەندى، نۇرغۇن ۋەكىللەرنىڭ كۆزلىرى نەمدەلدى. ئۇلار مۇنداق دېدى: ئىلگىرىكى قەھرىمانلار جاپالىق كۆرەش قىلغاچقىلا بىز بۈگۈنكىدەك بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشەلىدۇق. بۇ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئىلغار ماركسىزمنى يېتەكچى قىلىپ، جان دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى مەقسەت قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ چىن يۈرەكتىن قوللىشى ۋە ھىمايە قىلىشىنى قولغا كەلتۈرگەندىلا، ئاندىن ھەرقانداق جاپا ـ مۇشەققەت، خەۋپ ـ خەتەرنى يېڭىپ، يېڭى غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرەلەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. نۇرغۇن ۋەكىللەر مۇنداق دەپ قارىدى: سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇپ چىقىش جەريانىدا، بولۇپمۇ نۆۋەتتە دۆلەت يولغا قويغان غەربىي قىسىمنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىدە، بىز جاپاغا چىداپ كۆرەش قىلىش، ئىتتىپاقلىشىپ يېڭىلىق يارىتىش روھىنى يەنىمۇ داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ، شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلىشى ۋە شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشۇشىمىز لازىم.

### 3. تەسىرات

1) 30 نەپەر ۋەكىلنىڭ ھەممىسى ئاساسىي قاتلامدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرى ياكى ھەرقايسى ساھە، ھەرقايسى كەسىپلەردىكى ئالدىنقى سەپ خىزمىتىدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئىچكىرىدىكى جايلارغا بېرىپ باقمىغان. شۇڭا ئۇلار دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ھەر دەرىجىلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە ئاسان قولغا كەلمەيدىغان مۇشۇنداق بىر ئېكسكۇرسىيە، ئۆگىنىش قىلىش پۇرسىتىنى يارىتىپ بەرگەنلىكىگە كۆپتىن كۆپ رەھمەت ئېيتتى. ئۇلار يولغا چىقىش ئالدىدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى سۆزلىگەن سۆزىنىڭ روھىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئېكسكۇرسىيە، تەكشۈرۈش جەريانىدا سوئال سوراپ، ئىنچىكىلىك بىلەن كۆرۈپ، ئەستايىدىل ئاڭلاپ ياخشى خاتىرە قالدۇردى. ئۇلار يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ نۇرغۇن خىراجەت چىقىم قىلىپ ئۆزلىرىنى ئۆگىنىش، تەجرىبە ئالماشتۇرۇش، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلغانلىقىغا رەھمەت ئېيتىدىغانلىقلىرىنى ھەمدە ۋاقىت-

(داۋامى 68 ـ بەتتە)

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۈچىنچى تۈركۈم مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتىدىكى نەمۇنە شەخس ۋە كوللېكتىپنىڭ ئىچكىرى جايلارغا بېرىپ ئېكسكۇرسىيە، ئۆگىنىش قىلىش ئۆمىكىدىكى خادىملار ئىسىملىكى

ئۆمەك باشلىقى: مىجىت ناسىر، ئەر، ئۇيغۇر، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى

مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى: خىسامىدىن، ئەر، قازاق، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر، دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى

خىزمەتچى خادىملار: چياۋشياۋپىڭ، ئايال، خەنزۇ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر، دىن ئىشلىرى كومىتېتى ئورگان پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى

ليۇنيەن، ئەر، خەنزۇ، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر، دىن ئىشلىرى كومىتېتى كادىرلار ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ كادىرى

مۇخبىر: گوفۇشىڭ، ئەر، خەنزۇ، شىنجاڭ گېزىتى ئىدارىسىنىڭ مۇخبىرى

ئىلى ۋىلايىتى: 3 نەپەر

ئابلەت، ئەر، 46 ياش، ئۇيغۇر، پارتىيە ئەزاسى، تېكەس ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى (1995 ـ يىلى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن تەقدىرلەنگەن)

ياڭ شىنلەن، ئايال، 51 ياش، خەنزۇ، موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى (1995 ـ يىلى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن تەقدىرلەنگەن)

ئالىيە، ئايال، 34 ياش، ئۆزبېك، مىللىيچە بۇيۇملار سودا سارىيىنىڭ كاسسىرى (1990 ـ يىلى دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى تەرىپىدىن تەقدىرلەنگەن)

تارباغاتاي ۋىلايىتى: 3 نەپەر

دەلىلقان، ئەر، 42 ياش، قازاق، دۆربىلجىن ناھىيىسى ئۈش قاراسۇ يېزىسىدىن يەككە تىجارەتچى (1995 ـ يىلى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن تەقدىرلەنگەن)

ھۆمىر ئۇزاق، ئەر، 40 ياش، موڭغۇل، پارتىيە ئەزاسى، قوبۇقسار ناھىيىسى چاغانكۆل يېزىسى باينچاغان كەنتىنىڭ كەنت ياچېيكا شۇجىسى، كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى (1995 ـ يىلى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن تەقدىرلەنگەن)

سوڭ يۈ، ئايال، 32 ياش، رۇس، پارتىيە ئەزاسى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ئەدلىيە باشقارمىسىنىڭ كادىرى (1995 ـ يىلى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن تەقدىرلەنگەن)

ئالتاي ۋىلايىتى: 2 نەپەر

تېرناقان، ئەر، 46 ياش، قازاق، بۇرچىن ناھىيىسى دۇۋلايتى يېزىسى يېزا ئاھالىسى (1995 ـ يىلى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن تەقدىرلەنگەن)

جاڭ كېجيۇ، ئەر، 55 ياش، خەنزۇ، بۇرۇلتوقاي ناھىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ

باشلىقى (1982 - يىلى ئاپتونوم رايون تەرپىدىن تەقدىرلەنگەن)

بورتالا ئوبلاستى: 1 نەپەر

چاگىنا، ئەر، 48 ياش، موڭغۇل، پارتىيە ئەزاسى، بورتالا شەھىرى دالتۇ بازىرى ئېلىسىنبۇلاق كەنتى كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى (1999 - يىلى گوۋۇيۈەن تەرپىدىن تەقدىرلەنگەن)

سانجى ئوبلاستى: 3 نەپەر

توختاسىن، ئەر، 55 ياش، قازاق، پارتىيە ئەزاسى، قۇتۇبى ناھىيىسى تاش پەلەمپەي يېزىسى دوڭگۇ كەنتىنىڭ ئەزاسى (1995 - يىلى ئاپتونوم رايون تەرپىدىن تەقدىرلەنگەن)

جاڭ جاۋشياڭ، ئەر، 51 ياش، خەنزۇ، پارتىيە ئەزاسى، ماناس ناھىيىسى لەنجۇۋەن يېزىسى ئەرداۋشۇۋۇزا 2 - كەنتىنىڭ پارتىيە ياچېيكا شۇجىسى (1995 - يىلى ئاپتونوم رايون تەرپىدىن تەقدىرلەنگەن)

ماجىنفۇ، ئەر، 50 ياش، خۇيزۇ، مىچۈەن شەھىرى تېچاڭگۇ بازىرى داساۋتەن كەنتىدە دېھقان (1987 - يىلى ئاپتونوم رايون تەرپىدىن تەقدىرلەنگەن)

قۇمۇل ۋىلايىتى: 1 نەپەر

قاقاش نۇرغازى: ئەر، 48 ياش، قازاق پارتىيە ئەزاسى، ئاراتۇرۇك ناھىيىسى نىرىنكىر قازاق يېزىسىدا چارۋىچى (1995- يىلى ئاپتونوم رايون تەرپىدىن تەقدىرلەنگەن)

تۇرپان ۋىلايىتى: 1 نەپەر

جاڭ لىنچېڭ، ئەر، 59 ياش، خەنزۇ، پارتىيە ئەزاسى، توقسۇن ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى (1999 - يىلى گوۋۇيۈەن تەرپىدىن تەقدىرلەنگەن)

بايىنغولىن ئوبلاستى: 3 نەپەر

ئورۇمچاپ، ئەر، 55 ياش، موڭغۇل، پارتىيە ئەزاسى، خېجىڭ ناھىيىسى مېيىپلار بىرلەشمىسىنىڭ باشلىقى (1995- يىلى ئاپتونوم رايون تەرپىدىن تەقدىرلەنگەن)

ناسىر، ئەر 45 ياش، ئۇيغۇر، پارتىيە ئەزاسى، باغراش ناھىيىسى چاغاننۇر يېزىسى دوڭ كەنتىنىڭ پارتىيە ياچېيكا شۇجىسى (1999 - يىلى گوۋۇيۈەن تەرپىدىن تەقدىرلەنگەن)

ھەمراخان ئىبراھىم، ئايال، 53 ياش، ئۇيغۇر، پارتىيە ئەزاسى، بايىنغولىن ئوبلاستلىق ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى ھەق - تەلەپ سوتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى (1995 - يىلى ئاپتونوم رايون تەرپىدىن تەقدىرلەنگەن)

ئاقسۇ ۋىلايىتى: 2 نەپەر

ساۋۇر ساۋۇت، ئەر، 54 ياش، ئۇيغۇر، پارتىيە ئەزاسى، ئاۋات ناھىيىسى مولھوسۇل 3 - مەيدانى غەربىي سايرات كەنتى كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى (1995- يىلى ئاپتونوم رايون تەرپىدىن تەقدىرلەنگەن)

راخمان ئىمىن، ئەر، 38 ياش، ئۇيغۇر، پارتىيە ئەزاسى، ئاقسۇ شەھىرى توپلۇق يېزىسى ئۆستەڭ بويى كەنتى ياچېيكا شۇجىسى (1995 - يىلى ئاپتونوم رايون تەرپىدىن تەقدىرلەنگەن)

قىزىلسۇ ئوبلاستى: 2 نەپەر

تۇردى تۇرگەن، ئەر، 41 ياش، قىرغىز، ئوبلاستلىق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى

ئىلىش پونكىتى ئىشخانا مۇدىرى (1995 ـ يىلى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن تەقدىرلەنگەن)

ۋەن جىنيىن، ئەر، 54 ياش، خەنزۇ، پارتىيە ئەزاسى، ئاقچى ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى (1995 ـ يىلى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن تەقدىرلەنگەن)

قەشقەر ۋىلايىتى: 3 نەپەر

تۇرغۇن ئەبەيدۇللا، ئەر، 62 ياش، ئۇيغۇر، پارتىيە ئەزاسى، مارالبېشى ناھىيىسى شامال يېزىسى تېرەك كەنتى كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى (1999 ـ يىلى گوۋۇيۈەن تەرىپىدىن تەقدىرلەنگەن)

مىڭبېك، ئەر، 47 ياش، تاجىك، پارتىيە ئەزاسى، تاشقورغان ناھىيىسى تاشقورغان يېزىسى يېزا پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى (1995 ـ يىلى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن تەقدىرلەنگەن)

ئوسمانجان، ئەر، 44 ياش، ئۇيغۇر، پارتىيە ئەزاسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم ئىشخانىسىنىڭ ئىشچىسى (1995 ـ يىلى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن تەقدىرلەنگەن)

خوتەن ۋىلايىتى: 2 نەپەر

مەمەترۇزى ئابدۇرېھىم، ئەر، 39 ياش، ئۇيغۇر، كېرىيە ناھىيىسى شەنبە بازار بازىرى ئېرىش كەنتىدە دېھقان (1999ـ يىلى گوۋۇيۈەن تەرىپىدىن تەقدىرلەنگەن)

تۇرغۇن دۆلەت، ئەر، 34 ياش، ئۇيغۇر، پارتىيە ئەزاسى، لوپ ناھىيىسى سېمۇنت زاۋۇتى سىلىقلاش سېخىنىڭ باشلىقى (1995 ـ يىلى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن تەقدىرلەنگەن)

ئۈرۈمچى شەھىرى: 2 نەپەر

توراخۇن ئىبراھىم، ئەر، 58 ياش، ئۇيغۇر، پارتىيە ئەزاسى، ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونلۇق يەككە ئەمگەكچىلەر جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى (1995 ـ يىلى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن تەقدىرلەنگەن)

جو شيۇيىڭ، ئايال، 52 ياش، خەنزۇ، ئۈرۈمچى شەھىرى يېڭى شەھەر رايونى تىنچلىق ئۆستىڭى ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ مۇدىرى (1994 ـ يىلى گوۋۇيۈەن تەرىپىدىن تەقدىرلەنگەن)

بىڭتۇەن: 1 نەپەر

ۋاڭ دېلۇ، ئەر، 59 ياش، خەنزۇ، يېزا ئىگىلىك 7 ـ دىۋىزىيىسى مىللەتلەر، دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى (1994 ـ يىلى گوۋۇيۈەن تەرىپىدىن تەقدىرلەنگەن)

ئاپتونوم رايونغا بىۋاستە قاراشلىق ئورگانلار: 1 نەپەر

زەينەپ ئاسىل، ئايال، 46 ياش، ئۇيغۇر پارتىيە ئەزاسى، شىنجاڭ 1 ـ قۇرۇلۇش شىركىتى بىرىنچى تارماق شىركىتىنىڭ پايات ئىشچىسى (1999 ـ يىلى گوۋۇيۈەن تەرىپىدىن تەقدىرلەنگەن)

تەرجىمە قىلغۇچى:
قۇربان مەھەممەت
مەسئۇل مۇھەررىرى:
ئەركىن ئىمىنىياز

گې فېڭجياۋ

# بۇ يىل كۈز ئىچكى ئۆلكىلەردىكى شەھەرلەردە شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپى ئېچىلدى

بۇ يىل 9 – ئايدىن باشلاپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوندىن ھەر يىلى 1000 نەپەر تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەن ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىسى ئىچكى ئۆلكىلەردىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىدا ئوقۇيدۇ.

گوۋۇيۈەننىڭ قارارىغا ئاساسەن، 2000 – يىل 9 – ئايدىن باشلاپ، مائارىپ مىنىستىرلىكى بېيجىڭ، شاڭخەي، تيەنجىن، نەنجىڭ، خاڭجۇ، گۇاڭجۇ، شېنجېن، داليەن، چىڭ داۋ، نىڭبو، سۇجۇ، ۋۇشى قاتارلىق 12 شەھەردە 4 يىل ئوقۇش تۈزۈمىدىكى (بىر يىل تەييارلىق سىنىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپى ئېچىپ، ھەر يىلى شىنجاڭدىن تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەن ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىدىن 1000 نەپەر قوبۇل قىلىدۇ ھەمدە مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئومۇمي ئوقۇغۇچى كۆلىمىنى 4000 غا يەتكۈزىدۇ. ھەر يىلى قوبۇل قىلىنىدىغان ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە، ئاز سانلىق مىللەت دېھقان چارۋىچىلارنىڭ پەرزەنتلىرى 80% نى ئىگىلەيدۇ. ئىچكى ئۆلكىلەردىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپلىرىدا ھەرقايسى مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى ئارىلىشىپ ئوقۇيدۇ، خەنزۇ تىلىدا دەرس ئۆتىلىدۇ، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، دۆلەتنىڭ ئالاقىدار سىياسەتلىرىگە ئاساسەن بىر دەرىجە يۇقىرى مەكتەپلەرگە كىرىپ داۋاملىق ئوقۇيدۇ.

گوۋۇيۈەن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ھەرقايسى ئالاقىدار شەھەرلەر ئىچكى ئۆلكىلەردە شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپى ئېچىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. 1999 – يىلى دۆلەت مالىيىسىدىن شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىغا 87 مىليون 500 مىڭ يۈەن راسخوت ئاجرىتىلدى. بۇ راسخودلار ئىچكى ئۆلكىلەردىكى 12 شەھەردە ئېچىلغان شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلار ياتىغىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى، كىتاپ ماتېرىيال ۋە ئوقۇتۇش تەجرىبە ماتېرىيالى سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. مائارىپ مىنىستىرلىكى بۇ يىل 4 – ئاينىڭ بېشىدا بېيجىڭدا يىغىن ئېچىپ، ئىچكى ئۆلكىلەردە شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپى ئېچىشنى رەسمىي ئورۇنلاشتۇرغانىدى. ھەرقايسى ئالاقىدار شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئىچكى ئۆلكىدە شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپى ئېچىشنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن تاپشۇرغان بىر تۈرلۈك سىياسىي ۋەزىپە دەپ بىلىپ، شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپى ئېچىشنىڭ زۆرۈر تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى باشلىۋەتتى، ئالاقىدار سىياسەتلەرنى پۇختا ئىگىلەپ، خادىم ۋە خىراجەتنى ئەمەلىيلەشتۈردى، مائارىپقا مەسئۇل شەھەر رەھبىرى مەسئۇللىقىدىكى شىنجاڭ مائارىپىغا ياردەم بېرىش، ماسلاشتۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپى ئاچىدىغان مەكتەپنى بېكىتىپ چىقتى، مەكتەپ قۇرۇلۇشىنى ئۆزگەرتىش ۋە كېڭەيتىش لاھىيىسىنى تۈزدى ۋە يولغا قويدى، نورمال ئوقۇش – ئوقۇتۇش خىرا-

جىتىنى ئەمەلىيلەشتۈردى، ئوقۇتقۇچى شتاتى سەپلەشنى بېكىتتى، سىياسىي ئىدىيىۋى ساپاسى يۇقىرى، كەسپچانلىقى كۈچلۈك، تەجرىبىسى مول، تۆھپە قوشۇش روھىغا ئىگە ۋە مىللىي مائارىپ ئىشلىرىنى قىزغىن سۆيىدىغان بىر تۈركۈم ئوقۇتقۇچىلارنى تاللاپ ئەۋەتىپ، بۇ يىل 9 - ئايدا ئوقۇش باشلىنىدىغان شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىنىڭ ۋاقتىدا ئوقۇش باشلىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى مالىيە ئېغىر قىيىنچىلىق بولىۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا بۇ يىلقى مالىيە خام چوتى ئىچىدىن تۇنجى يىل ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ئوقۇيدىغان شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپى ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن 4 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ بەردى. ئاپتونوم رايونىمىزدا «ئىچكى ئۆلكىلەردىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپى خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى» قۇرۇلدى، بۇ گۇرۇپپا سىستېمىلار بويىچە شەھەرلەردە ئېچىلىدىغان شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىنىڭ ئالاقىدار ئىشلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە مەسئۇل بولىدۇ، رايون دائىرىسىدە شىنجاڭ سىنىپىغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىدۇ ۋە يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

ئىچكى ئۆلكىلەردىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپى، ھەرقايسى سىنىپ ئاچقۇچى شەھەرلەردىكى ئوقۇ - ئوقۇتۇش شارائىتى ۋە سۈپىتى ياخشى بىرىنچى تۈردىكى مەكتەپلەرگە تەسىس قىلىنىدى، بۇ مەكتەپلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۆلكە ۋە شەھەر دەرىجىلىك نۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپلەر. بۇ مەكتەپلەر: بېيجىڭ شەھەرلىك خۇيمىن ئوتتۇرا مەكتىپى، شاڭخەي شەھەرلىك خۇيمىن ئوتتۇرا مەكتىپى، تيەنجىن شەھەرلىك خۇيمىن ئوتتۇرا مەكتىپى، نەنجىڭ شەھەرلىك يۇخۇاتەي ئوتتۇرا مەدكتىپى، خاڭجۇ دارىلفۇنۇنى قارمىقىدىكى سەندۇڭ ئالىي ئوتتۇرا مەكتىپى، نىڭبو شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتىپى ۋە گۇاڭجۇ شەھەرلىك 6 - ئوتتۇرا مەكتەپ، شېنجېن باۋئەن رايونى سۇڭگاڭ ئوتتۇرا مەكتىپى، دالىيەن شەھەرلىك 23 - ئوتتۇرا مەكتەپ، چىڭداۋ پەن - تېخنىكا سانائەت باغچىسى 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ، سۇجۇ شەھىرى يېڭى رايون 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ، ۋۇشى شەھەرلىك چىڭسەن ئوتتۇرا مەكتەپىدىن ئىبارەت.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى 5 - ئاينىڭ 28 - كۈنى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەردىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى» نى ئېلان قىلدى. بەلگىلىمىدە مۇنداق كۆرسىتىلگەن: ئىچكى ئۆلكىلەردىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىغا قوبۇل قىلىنىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ دائىرىسى ئاساسەن ئاز سانلىق مىللەت دېھقان چارۋىچىلارنىڭ پەرزەنتلىرى بولىدۇ (قوبۇل قىلىنىدىغان ئوقۇغۇچىلار ئومۇمىي سانىنىڭ 80% نى ئىگىلەيدۇ) شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مۇۋاپىق مىقداردا خەنزۇ دېھقان چارۋىچىلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى (ئاز سانلىق مىللەت تىل يېزىقىنى بىلىدىغان خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارغا ئوخشاش شارائىت ئاستىدا ئالدىن ئېتىبار بېرىشنى ئويلىشىشقا بولىدۇ) شۇنداقلا ئاز مىقداردا شەھەر بازارلاردىكى ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ پەرزەنتلىرىنى قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ، يۇقىرىقى كېيىنكى ئىككى خىل قوبۇل قىلىنىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ نىسبىتى ھەربىرى 10% ئەتراپىدا بولىدۇ. ئىچكى ئۆلكىلەردىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىدا ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلار تۇرمۇش ياردەم پۇلىدىن بەھرىمان

بولىدۇ (بۇلار تاماق راسخودى، ئوقۇغۇچىلار فورمىسى راسخودى، تەتىللىك پائالىيەت راسخودى، ئىسسىنىش راسخودى، ئوقۇش راسخودى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ). داۋالىنىش قوشۇمچە ياردەم پۇلى ۋە تۇغقان يوقلاش قاتناش قوشۇمچە ياردەم پۇلىنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپى ئاچقان شەھەر ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ (ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە، ئوقۇغۇچىلار ئائىلىسىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن مۇۋاپىق قوشۇمچە ياردەم پۇلى بېرىلىدۇ)، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ باسقۇچى غەيرىي مەجبۇرىي مائارىپ باسقۇچى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرىمۇ بىر قىسىم تۇرمۇش ۋە ئوقۇش راسخودىنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرى، ئۆگىنىش بۇيۇملىرى ۋە داۋالىنىش راسخودى ئۈچۈن يىلىغا تەخمىنەن 900.00 يۈەن ئېلىنىدۇ. لېكىن نامرات دېھقان چارۋىچىلار ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ پەرزەنتلىرىدىن ئېلىنىدىغان راسخود مۇۋاپىق كەچۈرۈم قىلىنىدۇ.

8 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، ئاپتونوم رايون شىنجاڭ ئونئۈچ ئۈرۈمچى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە بارىدىغان شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىنى ئۆزلۈكتىن قويۇش يىغىنى ئاچتى، 1000 نەپەر ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى، بىر قىسىم ئاتا - ئانىلار ۋە 25 نەپەر يېتەكچى ئوقۇتقۇچى ئۆزلۈكتىن قويۇش يىغىنىغا قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى قېيۇم باۋۇدۇن، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مائارىپ نازارىتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى جاڭ گۇيىتىڭ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنى ئۆزلۈكتىن قويدى ھەمدە ئۇلارغا سەمىمىي ئۈمىد ۋە تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۆزلۈكتىن قويۇش يىغىنىدا ئوقۇغۇچىلار ۋەكىللىرى، يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلار ۋەكىلى، ۋە ئاتا - ئانىلار ۋەكىللىرى سۆز قىلدى.

تەرجىمە قىلغۇچى:
**ئالىم ئابدۇراخمان**
مەسئۇل مۇھەررىرى:
**ئەركىن ئىمىننىياز**

(بېشى 66 - بەتتە)

فىلىم شەكلىدە تېپىك سەنئەت ماھارىتى بىلەن ۋەقەلىكنى نامايان قىلالاچقا، ھەر ساھە، ھەر قاتلام تاماشىبىنلىرىغا ئوخشىمىغان دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىپ ئاممىغا نىسبەتەن تەشۋىقى تەربىيە پارتىيىنىڭ كادىرلىرىغا جىددىي سىگنال چېلىپ تەڭرىتاغ زېمىنىنى زىل - زىلىگە سالدى. سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدا بىر قەدەر زور تەربىيىۋى ئەھمىيىتىنى نامايان قىلالىغان بۇ فىلىم كەڭ پارتىيىلىك كادىرلارغا دائىملىق جانلىق تەربىيە بولۇپ قالغۇسى.

ئاپتورنىڭ ئادرېسى: ش ئۇ ئا ر پارتىيە مەكتىۋى
مەسئۇل مۇھەررىرى:
**مۇنەۋۋەر ئابدۇللا**

نۇرىمانگۇل ئوسمان

# «ھايات ـ ماماتلىق تاللاش» فىلىمىنىڭ رېئال ئەھمىيىتى

پارىخورلۇق، نەپسانىيەتچىلىك —
كىشىلىك ئەخلاقتىكى هارامتاماقلىقنىڭ
تىپىك مىسالى. بۇنداق رەزىل قىلىقنى
كىشىلەر پەزىلەت، ئادىمگەرچىلىك نۇقتى-
سىدا تۇرۇپ، ئەڭ يىنىك ئەيىپلىگەندىمۇ،
بۇنىڭ سالمىقى ئەشۇ پارىخور، تەييار تاپ-
لارنىڭ بارلىق پۇشتىنى قوشۇپ ئەيىپلى-
گىنىدىنمۇ يېنىك توختىمايدۇ. ھېچقانداق
يەردە قارشى ئېلىنمايدىغان بۇ ئەخلاقىي
تەتۈرلۈكنىڭ ئاقىۋىتى ئەزەلدىن مۇۋەپپە-
قىيەتلىك بولغان ئەمەس.

دېمەك، مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندا،
«ھايات ـ ماماتلىق تاللاش» ناملىق پارى-
خورلۇقنى سۆكۈش تېما قىلىنغان بۇ فى-
لىمنىڭ، نېمە ئۈچۈن شۇنچىلىك زىل ـ
زىلە پەيدا قىلىپ، خەلقنىڭ زور دەرىجىدە
قول-لاپ قۇۋۋەتلى-شىگە، مۇئەيى-يەنلەشتۈ-
رۈشىگە ئېرىشەلىشى فىلىمنىڭ تېما تى-
كىستىدىكى مەركىزىي پىكىرنىڭ نۆۋەتتە
جەمئىيەت ئەخلاقى زۆرۈر ئېھتىياجلىق
ئەخلاقىي كەيپىياتنى تەكىتلەشنى ئۆز ئو-
بىيېكتى قىلغانلىقى بىلەن بىۋاسىتە مۇنا-
سىۋەتلىك.

رېئاللىقتا، ئادەملەرنى يەتكىچە قاخ-
شىتىۋەتكەن بۇ ئىپلاس قىلىق، گەرچە
ئېكرانىدا، سەنئەت شەكلى بىلەن ئىنكاس
قىلىنىپ ئوتتۇرىغا چىققان بولسىمۇ، ئەم-
ما ئىستېتىك سەزگۈنىڭ تەققازىزاسى تۈپەي-
لىدىن بىلەن، كىشىلەرنىڭ روھىي ھالىتى
بۇ فىلىمدىن چەكسىز ئازادىلىك ھېس قى-
لىپ، ئۇمىد ئىشەنچىگە ئىگە بولدى،
چۈنكى بۇ فىلىمنىڭ تېما تېكستى ئادەتتى-
كى نۇرغۇن فىلىملەرگە ئوخشاش نۇقۇل
سەنئەت تېما تېكستى بىلەنلا كىشىلەرنى
ئەخلاقىي پەزىلەتكە يېتەكلىشىنى، ئۇلاردىن
شۇنداق بىر گۈزەللىكنى ئۆز ۋۇجۇدىدا يې-
تىلدۈرۈشنى تەۋسىيە قىلىش، ئۇمىد
قىلىش بىلەنلا چەكلىنىدىغان، چاقىرىق،
ئىلتىجا تۈسىنى ئالغان غايىۋى تېما تېكس-
تىدىن كۆپ چوڭقۇرلۇقتا ئىگە. فىلىمنىڭ
تېما تېكستىغا رېئال، كۈچلۈك سىياسىي
تەھدىت يوشۇرۇنغان، بۇ تەھدىت سەنئەت-
لەشكەن بولۇپ، غايىۋى تەھدىت ئەمەس.
بەلكى راست تەھدىتنىڭ سەنئەت تېما
تېكستىدە بىشارەت بېرىلىشىدۇر. بۇ بىشا-
رەت نېمە؟

دېمەككى، بۇ بىشارەت — جۇڭگو
كومپارتىيىسىنىڭ سىياسىي ئەخلاقتا نەپ-
سانىيەتچىلىك، پارىخورلۇققا قەتئىي رە-
ھىم شەپقەت قىلمايدىغان جىددىي پوزىتسى-
يىسىنى بىلدۈرۈشتىن ئىبارەت، فىلىمدە
ئوتتۇرىغا قويۇلغان بۇ ئىدىيە باشتىن ـ
ئاخىر روشەن گەۋدىلەنگەن. رېئاللىقتا،
ئادىمى ئەخلاقتىكى تىپىك گۈزەللىكنىڭ
تەسىر كۆرسىتىش ئەمەلىيىتىدە، كىشى-
لەرنى رەھىمدىللىككە، پاكلىققا ئۈندەيدى-
غان ۋەز ـ نەسىھەتلەر، ئىلتىجالار كار
قىلمىغان ئەھۋال ئاستىدا، بۇنداق رەزىل
كىشىلىك «ئەخلاق» قا، سىياسىي بېسىم
ئارقىلىق مەجبۇرىي ئۆزگۈرۈشكە ھەيدەك-
چىلىك قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدە چوڭ-
قۇر پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ فى-
لىم، ھاكىمىيەتنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇشقاقلى-
رىدىكى چىرىكلەشكەن ئۇنسۇرلارغا، چى-

رىكلىشىش غەرزىدە بولىۋاتقان ئىرادىسى ئاجىز، مەيدانى مۇستەھكەم بولمىغانلارغا، گويا ساقچى سىگنالىدەك جىرىڭلاپ ئۇلارنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغاتتى. شۇڭا، بۇ فىلىم قەيەردە قويۇلسا شۇ يەردە چوڭقۇر تەربىيە پەيدا قىلىپ، ھوشىنى تاپمىغانلارغا ساختىپەزلەرگە، پارتىيىنىڭ ئادالەت، ھەيۋىسىنى كۆرسىتىپ، كۈچلۈك ئاگاھلاندۇرۇش بىشارىتى بېرىلدى. مانا بۇ، فىلىمنىڭ ئەڭ زور ئالقىشقا ئېرىشەلىشىدىكى سەۋەبىنىڭ بىرى. يەنە بىرى، بۇ فىلىمدە قاتمۇ - قات كىشىلىك مۇناسىۋەت تورىغا چېتىلىپ كەتكەن. ھوقۇقدارلارنىڭ كوللېكتىپ چىرىكلىشىش، خىلمۇ - خىل ھىيلە - نەيرەڭ، زادى سىزىۋېلىش مۇمكىن بولمايدىغاندەك مۇكەممەل مۇناسىۋەت تورىدا بىر - بىرىنى يوشۇرۇش، قانات ئاستىغا ئېلىش، ئومۇمىي دائىرە بويىچە چىرىكلىشىش ۋەزىيىتى پەيدا بولغانلىقىدەك مۇرەككەپ ھالەتنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئارقىلىق، چىرىكلىكنىڭ نۆۋەتتە بىر قىسىم كىشىلەر ئويلاۋاتقاندەك «بىر تەرەپ قىلىمەن دېسە، ئاسانلا بىر تەرەپ قىلغىلى بولىدىغان» ئۇنداق ئاددى ئىجتىمائىي كېسەللىك ئەمەسلىكىنى سىستېمىلىق شەرھلەپ بەرگەن.

كىشىلەر فىلىم باياندىن چىرىك ئۇنسۇرلارنىڭ نە قەدەر مۇستەھكەم، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت تورى ئىچىدە پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغانلىقى، بۇ مۇناسىۋەت تورىنى پارچىلاش ئۈچۈن غايەت زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىش لازىملىقى، پارتىيىمىزمۇ «چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش — ئۇزاق مۇددەتلىك مۇرەككەپ، كەسكىن سىياسىي كۆرەش» ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەنلىكىنى كىشىلەرگە ھېس قىلدۇردى.

يەنە بىر تەرەپتىن، قانچىلىك مۇرەككەپ، قانچە كەڭ دائىرىدىكى قانچە مۇستەھكەم مۇناسىۋەت تورى بولسۇن، بۇنىڭ ھامىنى، پارتىيىمىزنىڭ سىياسىي ئەخلاقىغا مادارى يەتمەيدىغانلىقىنى ئاگاھلاندۇرۇپ، چىرىك ئۇنسۇرنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ شەرمەندە بولۇشتىن يىراقلاپ كەتمەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى.

رېئاللىقتا، چەك كېچىگە ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىنىپ ئىجرا قىلىنىشى، — چىرىكلەشكەن ئۇنسۇرلارنى جىددىيلەشتۈردى، ئارقىدىنلا بۇ فىلىم ئوتتۇرىغا چىقىپ، پارتىيىنىڭ سىياسىي ئىنتىزامى بىلەن ئويناشقانلارنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولىدىغانلىقىنى كىشىلەرگە يەنە بىر قېتىم تەربىيىۋى ساۋاق بىلەن ئاگاھ بەردى.

بۇ فىلىم ئارزۇ - ئۈمىد مەنىسىدىكى تەشۋىقات ئەمەس. بەلكى ئۇ بۇيرۇق تۈسى ئالغان. ئۇنىڭ ماھىيىتى سىياسىي جەھەتتىن چىرىكلەشكەن ئۇنسۇرلارغا كۈچلۈك روھىي بېسىم پەيدا قىلىش بولۇپ، ئۇنىڭ تەربىيىۋى ئەھمىيىتى، ئىجتىمائىي ئۈنۈمى ئۆتكەنكى ھەرقانداق تەشۋىقات ۋاستىلىرىدىن ئېشىپ چۈشىدۇ.

تەكىتلەپ ئۆتۈش كېرەككى، رېئاللىقتا، باش قەھرىمان لى گاۋچېڭغا ئوخشاش پاك، خالىس ئەمەلدارلارنىڭ بار - يوقلىقى ھەققىدە مۇنازىرە پەيدا قىلىش بۇ فىلىم تېما تېكىستىدىكى مەركىزىي ئوي پەكىر ئەمەس. لى گاۋچېڭنى تونۇتقا قىلىپ، ئادىل ئەمەلدارلارنىڭ ئىش - پائالىيەتلەرى بىلەن خەلقنى بەزلەش ئەمەس، بەلكى سىمۋول تېپىدا لى گاۋچېڭنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئارقىلىق، پارتىيىنىڭ سىياسىي ئىنتىزامىدا پارىخورلۇقنىڭ كەچۈرگىلى بولمايدىغان جىنايەت ئىكەنلىكىنى، ئەمەلىي، كەسكىن كۆرەش ئارقىلىق كىشىلەرگە نامايان قىلىنىشتۇر.

فىلىم مانا مۇشۇنداق ھۆججەتلىك

(داۋامى 64 - بەتتە)

تۇرسۇن ئۆمەر

# شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى (3)

موڭغۇللار دۆلىتىمىزدىكى نوپۇسى ئەڭ كۆپ، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مىللەت. ئۇلار ئاساسەن ئىچكى موڭغۇل، شىنجاڭ ۋە شەرقى - شىمالدا تارقاق ئولتۇراقلاشقان.

موڭغۇللار چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى ئاساس قىلىدۇ. موڭغۇللار ئۆز تۇرمۇشىدا ئاتنىڭ رولىنى ھېچنەرسىگە تەڭ قىلمايدۇ. موڭغۇللار ئاتنى ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ يېقىن تۇغقىنىدىنمۇ ئارتۇق ھېسابلايدۇ. بەزىدە ئاتنى ئۆز ھاياتىدىنمۇ بەك قەدىرلەيدۇ. شۇڭا موڭغۇللارنىڭ نۇرغۇن ئۆرپ - ئادەتلىرى ئات بىلەن مۇناسىۋەتلىك، بەزىدە ئات موڭغۇللارنىڭ ھاياتىدىكى ئىلاھ، دەپ قارىلىدۇ. موڭغۇللار ئادەتتە ئات گۆشىنى يېمەيدۇ، ئالاھىدە ئەھۋال ئاستىدا پەقەت بايتال گۆشىنى يەيدۇ، ئايغىرنىڭ گۆشىنى يېمەيدۇ، ئاق ئاتنىڭ گۆشىنى ھەرقانداق ۋاقىتتا ئىستىمال قىلىش چەكلىنىدۇ.

موڭغۇللارنىڭ ئات گۆشىنى يېمەسلىك ئوزۇقلىنىش ئادىتىنى، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىشىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. موڭغۇللار يايلاقتىكى چارۋىچى مىللەت، ئات بولسا يايلاقتىكى ئەڭ ياخشى قاتناش قورالى. موڭغۇللار ئەۋلاتمۇ - ئەۋلاد ئات بىلەن بىرگە ياشىغاچقا، ئاتقا بولغان ھېسسىياتى باشقىلارغا قارىغاندا چوڭقۇر. شۇڭا موڭغۇللارنى باشقىلار «ئات ئۈستىدىكى مىللەت» دەپ ئاتىغان، بۇنىڭدىن ئاتنىڭ ئاللىبۇرۇن موڭغۇللارنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

موڭغۇللار بايتالغا قارىغاندا، ئايغىرنى بەك مۇھىم ھېسابلايدۇ. چۈنكى موڭغۇللار ئادەتتە ئايغىر مىنىدۇ. بايتال مىنىسە مەسخىرىگە قالىدۇ. پەقەت ئات - ئۇلاقلىرى بولمىغانلار ئالاھىدە ئەھۋال ئاستىدا بايتال مىنىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە، سالاھىتى يۇقىرى بولغانلار بۇنى بىر خىل بەدقىلىق دەپ ھېسابلايدۇ. بايتال ئادەتتە ئىشلەپچىقىرىشقا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇ تايلاش، سېغىش قاتارلىقلاردا پايدىلىنىلىدۇ. ئەكسىچە ئايغىر بولسا مىنىشكە ئىشلىتىلىپ، ئۇزۇن مەزگىل ئىگىسى بىلەن جاپا، مۇشەققەت، ھۇزۇر - ھالاۋەتتە بىرگە بولغاچقا، ئىگىسىنىڭ قانداقمۇ ئۇنى يېيىشكە كۆزى قىيسۇن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە مىنىدىغان ياخشى بىر ئاتقا ئېرىشىش ئۇنچە ئاسان ئەمەس. موڭغۇللار مىنىدىغان ياخشى بىر ئاتنى تەربىيىلەپ كۆندۈرۈشنى ئۆز ھاياتىدىكى ئەڭ زور بەخت دەپ ھېسابلايدۇ.

مىنىدىغان ياخشى بىر ئاتنى باشقىلار قانچە يۇقىرى باھا بىلەن سېتىۋالىمەن دېسىمۇ ئىگىسى ھەرگىز ساتمايدۇ، چۈنكى مىنىدىغان ئات ئات ئىگىسىنىڭ جېنى.

موڭغۇللار ئۈچۈن، بىر ئايغىرنىڭ بولۇشى شەھەرلىكلەرنىڭ بىر ياخشى ماشىنىغا ئىگە بولغانغا ئوخشاش، ئۇ ئىش ئۇنۇمىنى ئۆستۈرۈپلا قالماي، ئات شۇ كىشىنىڭ سالاپىتىنى نامايان قىلىدۇ. موڭغۇللارنىڭ تۇرمۇشىدا ئاق ئات گۆشىنى يېيىش قەتئىي چەكلەنگەن. موڭغۇللار ئاق ئاتنى زىرەك دەپ قارايدۇ. ئاق ئات ئىگىسى خە-

تەرگە ئۇچرىغاندا ئۆز ھاياتى بىلەن قۇتۇل-
دۇرالايدۇ. موڭغۇللار ئارىسىدا مۇنداق بىر
رىۋايەت تارقالغان «بىر ئاق ئات، ئىگىسى
خەتەرگە ئۇچرىغاندا ئىگىسىنى قۇتۇلدۇ-
رۇش ئۈچۈن ئۆز ھاياتىدىن ئايرىلغان، ئى-
گىسى ئۇنى يات ئېتىپ تۇرۇش ئۈچۈن،
ئاق ئاتنىڭ سۆڭىگىنى، بېشىنى ئىشلىتىپ
غىجەك ياسىغان، ئاق ئات قۇيرىقىنى غى-
جەكنىڭ تارىسى قىلىپ ئورناتقان. ئۇ بۇ
غىجەكنى چالغاندا ئۇنىڭدىن چىققان سادا
خۇددى ئاق ئاتنىڭ كىشنىشىگە ئوخشاپ
كەتكەن.»

ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس
ئۆرپ - ئادىتى، دىنىي ئېتىقادى، ياشاش
مۇھىتى ۋە تۇرمۇش ئادىتى جەمئىيەت تە-
سىرىدە شەكىللەنگەن. ئۇ نەچچە مىڭ يىللا-
ردىن بېرى ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلمەك-
تە.

موڭغۇللارنىڭ ئات گۆشىنى يېمەيدى-
غانلىقىنى، كىشىلەر چۈشەنمىسىمۇ، بى-
راق، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتىنى چۈشەن-
گەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بۇ ئادىتىنى چۈ-
شىنىشى تەسكە توختىمايدۇ.

> تەرجىمە قىلغۇچى:
> مۇنەۋۋەر ئابدۇللا
> مەسئۇل مۇھەررىرى:
> مەخمۇت ئىنايەت

---

(بېشى 58 - بەتتە)

نى چىڭ تۇتۇپ كۆپرەك نەرسىلەرنى ئۆگى-
نىپ، كۆپرەك خاتىرە قالدۇرۇپ، ۋەتىنى-
مىزنىڭ قۇرۇلۇش مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى،
ئىچكىرى جايلارنىڭ ئىلغار تەجرىبىلىرىنى
ئۆگىنىپ، ئۇنى ئۆز يۇرتلىرىغا ئاپىرىدىغان-
لىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى.

2) ھەر مىللەت ۋەكىللىرى يول بويى
ئىناق - ئىتتىپاق بولۇپ، ئۆزئارا بىر -
بىرىگە ياردەم بېرىشتى. مەيلى ماشىنىدا
ياكى مېھمانخانىدا بولسۇن، ئۇلار ئېكىس-
كۇرسىيە ئۆگىنىشتىن ئالغان تەسىراتلىرى-
نى ئۆزئارا ئالماشتۇردى، ئۆز يۇرتى ۋە
خىزمەت ئورنىنىڭ ئەھۋالىنى چۈشەندۈ-
رۈشتى، بۇنىڭدىن كېيىنكى تەسەۋۋۇرلىرى
ھەققىدە سۆھبەتلەشتى ھەمدە چوڭقۇر
دوستلۇق ئورناتتى.

3) بۇ قېتىمقى ئېكىسكۇرسىيە، ئۆ-
گىنىش ئۈمىكى ۋەكىللىرىنى تاللاشتا ھەم
ھەرقايسى مىللەت، ھەرقايسى رايون، ھەر-
قايسى كەسىپلەرگە ئېتىبار بېرىلدى ھەم
گەۋدىلىك تۆھپىسى بولغان ئاساسىي قاتلام
كادىرلار ۋەكىللىرى مۇۋاپىق كۆپەيتىلدى.
كۆپچىلىكنىڭ ئورتاق تىرىشىشى ئارقىسى-
دا، ۋەكىللەر ئىچكىرىدىكى جايلارنىڭ تەج-
رىبىلىرىنى ئۆگىنىپ، شىنجاڭنىڭ چوڭ
ياخشى ۋەزىيىتىنى تەشۋىق قىلىپ ياخشى
ئۈنۈمگە ئېرىشتى. ئېكىسكۇرسىيە، ئۆگى-
نىش قىلىش جەريانىدا ئىنتىزامغا خىلاپ-
لىق قىلىدىغان ئىشلار كۆرۈلمىدى، دۆلەت-
لىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى بەن-
گوڭتىڭى ۋە ھەرقايسى جايلاردىكى كۈتكۈ-
چى خادىملار ئېكىسكۇرسىيە ئۆگىنىش قى-
لىش ئۈمىكىنىڭ قاتتىق تەشكىلىي ئىنتى-
زامىنى ماختىدى.

> تەرجىمە قىلغۇچى:
> قۇربان مەھەممەت
> مەسئۇل مۇھەررىرى:
> ئەركىن ئىمىننىياز

# ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپى ئالدىدىكى يېڭى پۇرسەت

سوڭ چۇنشيا «مىللەتلەر مائارىپى تەتقىقاتى» نىڭ 1998 ـ يىللىق 14 ـ سانىغا ماقالە يېزىپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپى ئالدىدىكى يېڭى پۇرسەت ھەققىدە ئۆز كۆزقارىشىنى بايان قىلىپ: 21 ـ ئەسىر كېلىش ئالدىدا تۇرىۋاتىدۇ، تەرەققىيات سەۋىيىسى تۆۋەن سەۋىيىدە تۇرىۋاتقان ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپى يېڭى پۇرسەتكە ئېرىشىدۇ، ئۇنىڭ كونكرېت ئىپادىلىرى تۆۋەندىكىچە، دەپ كۆرسەتتى.

1. پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدىكى يەر شارى خاراكتېرلىك مائارىپ تەرەققىياتى يۈزلىنىشى مىللەتلەر مائارىپىنى يېڭى مەۋقە بىلەن پۇت تىرەپ تۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

پەن تېخنىكىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ بىر گەۋدىلىنىشى ئۈزلۈكسىز كۈچەيمەكتە. شۇڭا، مائارىپ بارغانسېرى ئۆزىنى كۆرسىتىدىغان دۇنيا مەھسۇلاتىغا ئايلىنىدۇ. بۇ مىللەتلەر مائارىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى يېڭى بىر باشلىنىش نۇقتىسى ۋە تېخىمۇ كەڭ تەرەققىيات ئاتموسفېراسى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

2. مەملىكەت خاراكتېرلىك مائارىپ ئىسلاھاتىنىڭ چوڭقۇر قانات يېيىشى، مىللەتلەر مائارىپىغا يېڭى جانلىنىش ھاياتىي كۈچ بېغىش ئېتىدۇ.

پۈتۈن يەر شارى خاراكتېرلىك مائارىپ تەرەققىيات دولقۇنىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى ئاستىدا، 1992 ـ يىلى «پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەر مائارىپى تەرەققىياتىنى ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنىڭ يېتەكچى پروگرامما» سى، مىللەتلەر مائارىپىنى ئىسلاھات كۇنتەرتىۋىگە كىرگۈزدى. نۆۋەتتە، ساپا مائارىپىنىڭ كىشىلەر قەلبىگە چوڭقۇر سىڭىشى بىلەن مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەر مىللەتلەر مائارىپى تەرەققىياتى، مىللەتلەرنىڭ زامانىۋىلىشىشقا يۈزلىنىش قەدەم باسقۇچىنىڭ ئالغا سىلجىتىلىشى، ئەڭ يادرولۇق مەسىلە مىللەتلەر ئاھالىسىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتە ئىكەنلىكىنى ئاللىقاچان تونۇپ يەتتى.

3. يېڭى تېخنىكا تەرەققىياتى، ئۇچۇر دەۋرىنىڭ يېتىپ كېلىشى، مىللەتلەر مائارىپى ئۈچۈن يېڭى بوشلۇق ئېلىپ كېلىدۇ.

يېڭى تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى، بولۇپمۇ ئېلېكترونلاشقان، كەسىپلەرنىڭ كۆنسايىن يېڭىلىنىشىغا ئەگىشىپ، تېلېۋىزور، ئۈن ئالغۇ، سىن ئالغۇ، كومپيۇ-

تور — ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىلىرى قاتارلىقلار ۋە ئېلېكترلەشكەن مائارىپ خەۋەرلىشىشنىڭ ئومۇملىشىشى ۋە تەرەققىياتى، مىللەتلەر مائارىپىدىكى نۇرغۇن ئاجىز ھالقىلارنى تۈگىتىپ، پەرەزدىن ھالقىغان مۇۋاپىقيەت قازىنىش ئۈنۈمىگە ئېرىشتۈرەلەيدۇ. شۇڭا، بۇ مىللەتلەر مائارىپىنى جەزمەن بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

4. مائارىپ بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىش كۆز قارىشى مىللەتلەر مائارىپىنىڭ نەزەر دائىرىسىنى ئىنتايىن زور كېڭەيتىدۇ.

مائارىپنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش، مائارىپنى مەڭگۈلەشتۈرۈش چوڭ مائارىپ كۆز قارىشىنىڭ تىكلىنىشى مىللەتلەر مائارىپىنىڭ تەرەققىياتىغا غايەت كەڭ زېمىن ھازىرلاپ بېرىدۇ.

5. ئىقتىسادىي ئىستراتېگىيە مۇھىم نۇقتىسىنىڭ غەربكە يۆتكىلىشى، جۇڭگونىڭ مىللەتلەر مائارىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ياخشى پۇرسەت بىلەن تەمىن ئەتكۈسى.

غەربىي قىسمىنىڭ مۇتلەق كۆپ رايونلىرى جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر بىر قەدەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلار، بىر قاتار ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنىڭ مەيدانغا چىقىشى بىلەن، جۇملىدىن غايەت زور مەبلەغنىڭ سېلىنىشى ۋە ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ جەلپ قىلىنىشى مىللەتلەر مائارىپىنى جەزمەن يېڭى بىر بالداققا قەدەم باسقۇزىدۇ.

6. 15 ـ قۇرۇلتاينىڭ غەلىبىلىك ئېچىلىشى جۇڭگونىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپى تەرەققىياتىنى كۈچلۈك سىياسەت كاپالىتىگە ئىگە قىلدى.

باش شۇجى جياڭ زېمىن 15 ـ قۇرۇلتايغا بەرگەن دوكلاتىدا مائارىپقا يۈكسەك كۆڭۈل بۆلگەن، بۇ، جۇڭگونىڭ مىللەتلەر مائارىپىنىڭ تەرەققىياتىنى كۈچلۈك سىياسەت كاپالىتى بىلەن تەمىن ئەتتى.

تەرجىمە قىلغۇچى:
مەخمۇت ئىنايەت
مەسئۇل مۇھەررىرى:
مۇنەۋۋەر ئابدۇللا

فاڭ رۇيۇ

# دۆلىتىمىزنىڭ مىللەتلەر مەسىلىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھەل قىلىش يولى

لى دېجۇ «نەزەر ئاخباراتى ھەپتىلىك ژۇرنىلى» نىڭ 1999 - يىللىق 38 - سانىغا ماقالە يېزىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: توغرا مىللەتلەر سىياسىتى تۈزۈپ چىقىش، مىللەت مەسىلىلىرىنى ياخشى ھەل قىلىشنىڭ ئاساسي كاپالىتى. 50 نەچچە يىللىق ئەمەلىيەت شۇنى تولۇق كۆرسەتتىكى، مىللەتلەر باراۋەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىقتىسادي تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش قاتارلىق مىللەتلەر سىياسىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ چىقتى. يېڭى تارىخىي مەزگىلدە يەنە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىدە قەتئىي چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش جەھەتتە، ئالدى بىلەن ئىقتىسادي تەرەققىياتنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش لازىم، ئاندىن قالسا، ئاپتونومىيە جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەربىيىلەش ۋە ئۇلارنى ئىشقا قويۇش لازىم. ئەسىر ھالقىش مەزگىلىدىكى مىللەتلەر خىزمىتىنى قانداق قىلغاندا ياخشى ئىشلىگىلى بولىدۇ، دېگەن مەسىلە ئۈستىدە توختالغاندا ئۇ، بىرىنچىدىن، دېڭ شياۋپىڭنىڭ مىللەت نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇشنى. ئىككىنچىدىن، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پرىنسىپىدا جەزمەن چىڭ تۇرۇشنى. ئۈچىنچىدىن پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىدە جەزمەن چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش. چۈنكى، مىللەتلەرگە ئائىت ياخشى مىللىي سىياسەتنىڭ بولۇشى بىزنىڭ ئەسىر ھالقىش مەزگىلىدىكى مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىمىزنىڭ ئاساسى، ئەمما شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، ھەرقانداق سىياسەتنىڭمۇ ئۇنۇم بېرىش مەزگىلى بولىدۇ، ئۆزگەرمەيدىغان ھېچقانداق نەرسە بولمايدۇ، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئۇنى ئۈزلۈكسىز تەڭشەشكە ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ، دەپ كۆرسەتتى.

تەرجىمە قىلغۇچى:
مەخمۇت ئىنايەت
مەسئۇل مۇھەررىرى:
مۇنەۋۋەر ئابدۇللا

• فاك رويۇ •

## شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق

# مىللەتلەرنىڭ ئىختىساس ئىگىلىرى

## قوشۇنىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 50 يىل مابەينىدە، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ زور كۈچ بىلەن تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشى ئارقىسىدا، شىنجاڭدىكى يەرلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئاممىۋى تەشكىلات ئورگانلىرىدا، دۆلەت ئورگانلىرىدا ھەمدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كەسپىي، كارخانا ئورۇنلىرىدا پارتىيە خىزمىتى، مەمۇرىيەت خىزمىتى، ئىقتىساد، پەن- تېخنىكا، مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە قاتارلىق كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئىختىساس ئىگىلىرى ۋە كەسپىي تېخنىك بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئىقتىساس ئىگىلىرى قوشۇنى ئىنتايىن تېز تەرەققىي قىلىپ، خېلى زور كۆلەملەشتى. ئاپتونوم رايونلۇق كادىرلار نازارىتىنىڭ ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، 1997 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ۋە ھەرخىل تىپتىكى كەسپىي تېخنىك ئىختىساس ئىگىلىرى 332.700 كىشى بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى بارلىق كادىرلار ۋە كەسپىي تېخنىك ئىختىساس ئىگىلىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 48.9%نى ئىگىلىگەن. بۇنىڭ ئىچىدە، كەسپىي تېخنىك خادىملار 222.200 كىشى بولۇپ، بۇلار پۈتۈن شىنجاڭدىكى كەسپىي تېخنىك ئىگىلىرىنىڭ 50.43% نى ئىگىلىگەن. بۇ 200 نەچچە مىڭ ئاز سانلىق مىللەت كەسپىي تېخنىك خادىملىرى ئىچىدە، يۇقىرى دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىك ئۇنۋانىغا ئېرىشكەنلىرى 5300 كىشى بولۇپ، بۇلار پۈتۈن شىنجاڭدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىك ئۇنۋانىغا ئېرىشكەنلەرنىڭ 31.73% نى ئىگىلىگەن. ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىك ئۇنۋانىغا ئېرىشكەنلەر 40800 كىشى بولۇپ، بۇلار پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىك ئۇنۋانىغا ئېرىشكەنلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 43.31% نى ئىگىلىگەن. باشلانغۇچ دەرىجىلىك كەسپىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەنلەر 134.400 كىشى بولۇپ، بۇلار باشلانغۇچ دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىك ئۇنۋانىغا ئېرىشكەنلەرنىڭ 53.04% نى ئىگىلەيدۇ. پارتىيە، ھۆكۈمەت ئاممىۋى تەشكىلات ئورگانلىرىدىكى كادىرلار ئىچىدە، ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان رەھبىرىي ئىختىساس ئىگىلىرى، پۈتۈن رايوندىكى كادىرلارنىڭ 55.36% نى ئىگىلەيدۇ. ۋىلايەت، نازارەت دەرىجىلىك كادىرلار 55.36% نى ئىگىلەيدۇ. ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىك كادىرلار 34.33% نى، بۆلۈم، يېزا (بازار) دەرىجىلىك كادىرلار 43.32% نى ئىگىلەيدۇ.

تەرجىمە قىلغۇچى:
مەخمۇت ئىنايەت
مەسئۇل مۇھەررىرى:
ئەركىن ئىمىننىياز

# ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر، دىن ئىشلىرى خىزمەت خاتىرىسى

2000 - يىل 4 - ئايدىن 6 - ئايغىچە

## 4 - ئاي

4 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر، دىن ئىشلىرى كومىتېتى ئاپتونوم رايونلۇق يېزا - بازار كارخانا ئىدارىسى، ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتى، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىگە، يېزا - ئىگىلىك مىنىستىرلىكى مالىيە مىنىستىرلىكىگە رايونىمىزنىڭ 1999 - يىللىق ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ قەرز ئېلىش ئۆسۈمى تۈزۈمىنى يوللىدى.

4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، بۈگۈنكى جۇڭگو نەشرىياتى نەشر قىلغان شىنجاڭ ھەربىي رايونى سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ياش ئۆزبېك ناخشىچىسى شامىل شاكىر مۇزىكىلىق ناخشا پىلاستىنكىسى «غەربىي دىيار بۈركۈتى» نىڭ تۇنجى قېتىملىق تارقىتىش مۇراسىمى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى.

4 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى 18 - قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيە ئېيى پائالىيىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى پىكرىنى تارقاتتى.

دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ئىنتىزام تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى خاۋۋېنمىڭ يېتەكچىلىكىدىكى گو ۋۇيۇن چىڭخەيگە قايتىدىغان قازاق ئاممىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئاپتونوم رايوننىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى. دوكلاد يىغىنىغا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى ئارىپ رىياسەتچىلىك قىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇقادىر نەسىردىن، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر، دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئابدۇللا ھەمدۇللا، مۇئاۋىن مۇدىرى خىسامىددىن قاتارلىقلار قاتناشتى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەتنىڭ «ھايات ئىزلىرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى مۇھاكىمە يىغىنى شىنجاڭ خەلق سارىيىدا ئۆتكۈزۈلدى.

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشردىن چىققان خەنزۇچە «تاڭجارىق شېئىرلار توپلىمى» نىڭ تۇنجى قېتىملىق تارقىتىش مۇراسىمى شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىدا ئۆتكۈزۈلدى.

4 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن 23 - كۈنىگىچە «بىزنىڭ شىنجاڭ ياخشى جاي» ناملىق چوڭ تىپتىكى مەدەنىيەت - ساياھەت سودا كۆرگەزمە پائالىيىتى ئايرىم - ئايرىم ھالدا نەنجىڭ خەلق سارىيى نەنجىڭ كۆرگەزمە زالىدا ئۆتكۈزۈلدى.

4 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى بىلەن ئۈرۈمچى شەھەرلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان «شىنجاڭ يېڭى ئەسىر ياشلار ئەدەبىي ئىجادىيەت يىغىنى ھەمدە 3 - قېتىملىق نوپۇسى نىسبەتەن ئاز بولغان مىللەتلەر ئەدەبىيات سۆھبەت يىغىنى» ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. پۈتۈن شىنجاڭدىكى 13 ئاز سانلىق مىللەت-

تىن 50 كە يېقىن ھەر مىللەت يازغۇچىسى
سۆھبەت ۋە مۇھاكىمىگە قاتناشتى.

4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى شىنجاڭ
رەسساملار ئاكادېمىيىسى ئاتاقلىق قازاق
ياش ئايال رەسسام ناۋۇلانىڭ «يايلاقتىكى
توي» ناملىق ئەسىرى ئامېرىكا جەنۇبى سۇ
بوياق سەنئىتى جەمئىيىتى ئۆتكۈزگەن
23ـ نۆۋەتلىك «خەلقئارا سۇ بوياق سەنئە-
تى ئەسەرلىرىنى ئالماشتۇرۇش كۆرگەزمە-
سى» دە ئەڭ ياخشى رەسىم سىزىش مۇكاپا-
تىغا ئېرىشتى.

4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىن 26 ـ
كۈنىگىچە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون
بويىچە ئىسلام دىنى جەمئىيىتى باشلىقلىرى
ۋە باش كاتىپلىرى بىرلەشمە يىغىنى ئۇ-
رۇمچىدە ئېچىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق
ئىسلام دىنى جەمئىيىتى رەھبەرلىرى جۇڭ-
گو ئىسلام دىنى جەمئىيىتىگە ۋەكالىتەن
مەملىكەت بويىچە «5 تە ياخشى» ئۈلگىلىك
مەسچىت بولۇپ باھالانغان رايونىمىزدىكى
27 مەسچىتكە مۇكاپات تارقاتتى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ دائى-
مىي ھەيئىتى ئىسمايىل تىلىۋالدى يىغىنغا
قاتناشتى ھەمدە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى
ئىسلام دىن جەمئىيەتلىرى ئۆزىنىڭ كۆ-
ۋرۈكلۈك ھەم تۈگۈنلۈك رولىنى تولۇق
جارى قىلدۇرۇپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان
ھەر مىللەت ئاممىسىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ
ھەم باشلامچىلىق رولىنى ئويناپ ئاكتىپ-
لىق بىلەن غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە
ئېچىشقا ئاتلىنىشنى تەكىتلىدى.

4 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، شىنجاڭ
ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق بىرلىكسەپ بۆلۈ-
مى، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر، دىن
ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ تەكلىپى بىلەن
شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى،
ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلى-
قى، تەتقىقاتچى پەن جىپىڭ «خەلقئارا ۋە-
زىيەت ۋە شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى» نى مەز-
مۇن قىلغان مەخسۇس دوكلات بەردى. ئاپ-
تونوم رايونلۇق بىرلىكسەپ بۆلۈمى، ئاپ-
تونوم رايونلۇق مىللەتلەر، دىن ئىشلىرى
كومىتېتى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر-
قايسى دېموكراتىك پارتىيە ئورگانلىرى،
شىنجاڭ سوتسىيالىزم ئىنستىتۇتى، ئاپ-
تونوم رايونلۇق يەرلىك تەزكىرە تۈزۈش
ئىشخانىسى قاتارلىق ئورۇنلاردىن 200 دىن
كۆپرەك كادىر دوكلات ئاڭلىدى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق
مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنى ھەم ئاپتونوم
رايونلۇق 4 ـ قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتى-
پاقلىقى تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش
چوڭ يىغىنىغا تەييارلىق كۆرۈش رەھبەر-
لىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىنىڭ ھاۋالىسى
بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر، دىن
ئىشلىرى كومىتېتى خىزمەت گۇرۇپپىسى-
نى ئەۋەتىپ ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاستلا-
رغا بېرىپ، نەمۇنە ئورۇن ۋە شەخسلەرنىڭ
سايلاپ يوللىغان ئەھۋالى ئۈستىدە تەكشۈ-
رۈپ ئېنىقلاش ئېلىپ باردى.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دىنىي ساھە-
سىدىكى ئوقۇمۇشلۇق زاتلار «غەربىي قى-
سمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنى كۈتىۋې-
لىش» سۆھبەت يىغىنى ئاچتى.

4 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى جەنۇبىي
شىنجاڭنىڭ 4 ۋىلايەت، ئوبلاستىدىن ئۇي-
غۇر، قىرغىز، تاجىك، ئۆزبېكتىن ئىبا-
رەت ئاساسىي قاتلامدىن كەلگەن 800 نەپەر
ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى شىمالىي
شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا بې-
رىپ 2 يىللىق ۋەزىپە بىلەن چېنى-
قىشنى باشلىۋەتتى.

4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ئاپتونوم
رايونلۇق مىللەتلەر، دىن ئىشلىرى كومى-
تېتى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى-
گە «دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومى-

تېتىگە ھەمكارلىشىپ، «10 ـ بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ھەمدە مىللىي رايونلارنىڭ مالىيىدىكى «ئۈچنى كاپالەتكە ئېرىشتۈرۈش» نى تېزلىتىش توغرىسىدىكى مەخسۇس تەكشۈرۈشكە دائىر مەسىلىلەر ئۈستىدە مەسلىھەت سوراش دوكلادى» نىنى سۇندى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر، دىن ئىشلىرى كومىتېتى مەدەنىيەتلىك ئورگان قۇرۇش سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئاچتى، يىغىنغا مىللەتلەر، دىن ئىشلىرى كومىتېتى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى ليۇ ۋېيەنچىڭ رىياسەتچىلىك قىلدى. مىللەتلەر، دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئابدۇللا ھەمدۇللا ھەرقايسى باشقارمىلارنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن مەدەنىيەتلىك باشقارما قۇرۇشنىڭ نىشانى توغرىسىدىكى مەسئۇلىيەتنامە ئىمزالىدى. ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلار خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى دۇەنشۆيى تەكلىپكە بىنائەن يىغىنغا قاتنىشىپ سۆز قىلدى.

## 5 ـ ئاي

5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق تەشۋىقات بۆلۈمى تۈزۈشكە ئۇيۇشتۇرغان «جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم قۇرۇش مىللەتلەر، دىن نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش تېزىسى» دېگەن كىتاب شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشردىن چىقتى.

5 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر، دىن ئىشلىرى كومىتېتى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتى دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، مالىيە مىنىستىرلىكىگە «1999 ـ ، 2000 ـ يىللىق مىللىي سودا تورى ئورنى قۇرۇلۇشى بىلەن مىللىي بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىنىڭ تېخنىكىسىنى ئۆزگەرتىش تورى قەرز ئېلىش ھەمدە قوشۇمچە ياردەم پۇلى مەبلىغى توغرىسىدىكى دوكلاد» نى يوللىدى.

5 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى «شىنجاڭ تۇنجى نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۆرپ ـ ئادەتلىرى بىر يۈرۈش رەسىملىك كۆرگەزمىسى» شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى كۆرگەزمە زالىدا داغدۇغىلىق ئېچىلدى. بۇ قېتىمقى كۆرگەزمە 3 چوڭ تۈرگە 70 خىل بىر يۈرۈش (بىرىكمە) 130 پارچە بەت شەكلى بولۇپ جەمئىي 750 نۇسخا رەسىم رەتلىنىپ قويۇلدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەمتىمىن زاكىر كۆرگەزمىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى ھەمدە سۆز قىلدى.

5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ 2 ـ قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش چوڭ يىغىنى غۇلجا شەھىرىدە ئېچىلدى. ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق بولغان كۈيتۇن شەھىرى بىلەن غۇلجا، چۆچەك، ئالتايدىن ئىبارەت 3 رايوندىن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەرەققىياتى بويىچە 20 نەمۇنە ئورۇن ۋە 82 نەمۇنىچى شەخس مۇكاپاتكا ئېرىشتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئەسقەت كېرىمباي، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر، دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئابدۇللا ھەمدۇللا يىغىنغا قاتنىشىپ تەبرىكلىدى.

5 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، بىرلىكسەپ بۆلۈمى، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر، دىن ئىشلىرى كومىتې-

تى بىرلىكتە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى
مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىياتى بويىـ
چە ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسـ
لەر ۋەكىللىرىنىڭ سۆھبەت يىغىنىنى
ئۆتكۈزدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونـ
لۇق پارتكومىنىڭ دائىمىي ھەيئىتى، تەشۋىـ
قات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ۋۇدىنفۇ، ئاپتونوم
رايونلۇق پارتكوم دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى
ئىسمايىل تىلىۋالدى يىغىنغا قاتناشتى
ھەم سۆز قىلدى.

5 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 6 -
ئاينىڭ 3 - كۈنىگىچە، مەملىكەتلىك سىياـ
سىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مەركىزـ
ىي كومىتېت بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ باشـ
لىقى ۋاڭ جاۋگو، مەملىكەتلىك سىياسىي
كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مەملىكەتلىك
سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىـ
سى جىڭ شۇپىڭ، مەملىكەتلىك سىياسىي
كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو گوـ
مىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى مەركىزىي
كومىتېتىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل
مۇئاۋىن رەئىسى چوتېنوڭ باشچىلىقىدىكى
ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە گۇرۇھلار
مەركەز ۋە مەملىكەتلىك سودا سانائەتچىلەر
بىرلەشمىسىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە پارتىيەـ
سىز زاتلار «غەربىي قىسىمنى كەڭ كۆلەمـ
دە ئېچىش» تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكىلەر
ئاپتونوم رايونىمىزدا ئەمەلىي تەكشۈرۈش
ئېلىپ باردى.

5 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئاپتونوم
رايونىمىزدا تۇنجى ئاز سانلىق مىللەتلەر
ئۆرپ - ئادەت مۇزېيى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىـ
تېتىدا ئېچىلدى. مەملىكەتلىك خەلق قۇـ
رۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن
باشلىقى تۆمۈر داۋامەت: «مىللەتلەرنىڭ
مەدەنىيەت مىراسلىرىنى رەتلەپ، سوتسىياـ
لىزم قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تۆھپە قوشايلى»
دەپ ئېغىشلىما يېزىپ بەردى.
ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ مۇئاـ
ۋىن شۇجىسى قېيۇم باھاۋۇدۇن، مۇزېيـ
نىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا لېنتا كەستى
ھەم: «مىللەتلەر مەدەنىيىتىنى روناق تاپـ
قۇزۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىككى مەـ
دەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇـ
رايلى» دەپ ئېغىشلىما يېزىپ بەردى.

5 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، شىنجاڭنىڭ
ھەرقايسى جايلىرىدا ئولتۇراقلاشقان شىبە
ئاممىسى ھەرخىل ئۇسۇللار بىلەن شىبە
مىللىتىنىڭ غەربكە كۆچكەنلىكىنىڭ 236
يىللىقىنى تەبرىكلىدى.

5 - ئاينىڭ 23 كۈنى ئاپتونوم رايونـ
لۇق مىللەتلەر، دىن ئىشلىرى كومىتېتى
«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق دىن
ئىشلىرىنى باشقۇرۇش نىزامنامىسى» غا
تۈزىتىش كىرگۈزدى ھەمدە ئاپتونوم رايونـ
لۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە دوكلاد قىلدى.

5 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، ئالتاي
ۋىلايىتى 5 - قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىـ
پاقلىقى تەرەققىياتى بويىچە مۇكاپاتلاش
چوڭ يىغىنى ئاچتى. مىللەتلەر ئىتتىپاقـ
لىقى تەرەققىياتى بويىچە 44 نەمۇنە ئوـ
رۇن، 110 نەپەر نەمۇنىچى شەخس مۇكاپاتـ
لاشقا ئېرىشتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتـ
كوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى
يىغىنغا تەبرىك خېتى ئەۋەتتى.

5 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىن 6 -
ئاينىڭ 2 - كۈنىگىچە، ئاپتونوم رايونلۇق
9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي
كومىتېتى 16 - قېتىملىق يىغىن ئاچتى.
ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى
نازارىتىنىڭ نازىرى جاڭ شيۇۋمىڭ ئاپتوـ
نوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاۋالـ
سى بىلەن بەرگەن «مىللىي بۆلگۈنچىلىككە
قارشى تۇرۇپ، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى
قوغداش خىزمەت ئەھۋالى توغرىسىدىكى
دوكلاد» نى ھەم ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتـ

لەر، دىن ئىشلىرى كومىتېتى مۇدىرى ئاب-
دۇللا ھەمدۇللا خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاۋا-
لىسى بىلەن بەرگەن «يېقىنقى يىللاردىن
بۇيانقى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللەتلەر
ئىتتىپاقلىقى ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوك-
لاد» نى ئاڭلاپ ئۆتتى ھەم «يەنىمۇ ئىل-
گىرلىگەن ھالدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى
كۈچەيتىپ، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغ-
داپ، شىنجاڭنى ئېچىش قۇرۇلۇشى ئۈ-
چۈن ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىش
قارارى» نى ماقۇللىدى.

5 - ئاينىڭ 30 - كۈنى «9 - بەش
يىللىق» دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق ئۈن - سىن
نەشىر قىلىش تېما تاللاش تۈرىنىڭ «شىن-
جاڭ مىللىي مۇزىكىلىرىنىڭ «يىپەك يولى
ناخشا ئىلاھى» ، «غەربىي رايون مۇزىكا ئى-
لاھى» قاتارلىق 6 قاپ VCD ، CD
پىلاستىنكىسى، شىنجاڭ ئۈن - سىن نە-
شرىياتى تەرىپىدىن رەسمىي نەشىردىن
چىقتى.

5 - ئاينىڭ 31 - كۈنى شىنجاڭ
ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسى بىرلەشمىسى
شىنجاڭ دىنىي جەمئىيىتى بىلەن «شىنجاڭ
گېزىتى» نەزىرىيە، سەنئەت بۆلۈمى بىر-
لىكتە «مىللەتلەر، دىن خىزمىتىنى ياخشى
ئىشلەپ، غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئې-
چىش ئۈچۈن خىزمەت قىلايلى» دېگەن
مەزمۇندا سۆھبەت يىغىنى ئاچتى.

## 6 - ئاي

6 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىن 21 -
كۈنىگىچە، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى
دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى
تۆمۈر داۋامەت ئاقسۇ بىلەن بايىنغولىن
موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىدا تەكشۈرۈش
ئېلىپ بارغاندا، مىللىي رايونلار چوقۇم
مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ياخشى ئىشلەپ،
ھەر مىللەت ئاممىسى بىر نىيەتتە ئىتتىپاق-
لىشىپ، زېھنى كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ
ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، نامرات-
لىقتىن قۇتۇلۇپ، بېيىش قەدىمىنى تېزلە-
تىش، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى كاپالەتلەن-
دۈرۈش، شۇ جايلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىش-
لىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈش
كېرەك، دەپ تەكىتلىدى.

6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئاپتونوم
رايون ئۆتكۈزگەن 3 - تۈركۈمدىكى مىللەت-
لەر ئىتتىپاقلىقى تەرەققىياتى بويىچە نەمۇنە
شەخسلەر ۋەكىللىرى ئېكىسكۇرسىيە، ئۆ-
گىنىش ئۆمىكىدىكىلەرنى ئىچكى جايلارغا
تەكشۈرۈشكە بېرىشقا ئۇزىتىپ قويۇش يە-
غىنى ئۆتكۈزدى، ئاپتونوم رايونىمىز رەھ-
بەرلىرىدىن: ئىسمايىل تىلىۋالدى، مە-
جىت ناسىر، ئابدۇقادىر نەسىردىن ئۇزىتىپ
قويۇش يىغىنىغا قاتناشتى ھەم بارلىق ئۆ-
مەك ئەزالىرى بىلەن كۆرۈشتى.

ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر، دىن
ئىشلىرى كومىتېتى «9 - بەش يىللىق»
پىلان مەزگىلىدىكى مىللىي سودا سىياسى-
تىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى ۋە «10 -
بەش يىللىق» پىلان مەزگىلىدە مىللىي سو-
دا سىياستى ھەققىدە تەكلىپ بېرىش سۆھ-
بەت يىغىنى ئاچتى. ئاپتونوم رايونلۇق
مىللەتلەر، دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ
مۇئاۋىن مۇدىرى باتۇر يىغىنغا رىياسەتچى-
لىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

تەرجىمە قىلغۇچى:
مۇنەۋۋەر ئابدۇللا
مەسئۇل مۇھەررىرى:
ئەركىن ئىمىنىياز

封二　自治区民委(宗教局)挂牌
国务委员司马义·艾买提接见新疆伊玛目研修班学员 …………… 阿力木 (1)

**·学习园地·**

全面把握,理解"三句话"内涵的丰富性 …………… 叶小文 (2)
用"三个代表"重要思想导当前的民族宗教工作 …………… 马文新 (4)

**·西部大开发·**

王兆国、经叔平、周铁农率"西部大开发"考察团来疆考察 …………… 赵好 (6)

**·专　稿·**

贯彻施实西部大开发的战略决策,促进少数民族地区经济的快速发展 …………… 全国人大副委员长　布赫 (11)

**·民族文化·**

首届中国民族服装服饰博览会新疆代表团工作纪实 …………… 首届中国民族服装服饰博览会新疆代表团 (18)

**·宗教工作论坛·**

宗教工作要为西部大开发服务 …………… 韩斌 (26)
宗教与社会主义社会相适应的理论在实线中的提现 …………… 刘忠革 (34)

**·民族工作研究·**

实施西部大开发战略中民族因素的思考与对策研究 …………… 刘江海 (41)

**·调研与交流·**

自治区第三批民族团结进步模范个人代表赴内地参观学习纪实 …………… 区民委政法处 (51)
新疆维吾尔自治区第三批民族团结进步模范个人代表参观学习团名单 …………… 区民委政法处 (59)

**·民族教育·**

内地城市今秋开办新疆班 …………… 葛丰交 (62)

**·学习与体会·**

谈《生死决择》影片的现实意义 …………… 努丽曼古丽 (65)

**·西域风情·**

新疆少数民族风俗习惯(3) 蒙古人与马 …………… 吐尔逊·吾买尔 (67)

**·观点摘编·**

少数民族教育面临的新机遇 …………… (69)
我国成功解决民族问题的道路 …………… 房若愚 (71)
新疆少数民族人才队伍的基本情况 …………… 房若愚 (72)

**·大事记·**

新疆维吾尔自治区民族宗教工作纪事 …………… (73)

(بېشى مۇقاۋىنىڭ 2 ـ بېتىدە)
ئىشلەپ، دىنىي سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە
ئۇيغۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشى كې-
رەك. مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ ماسلى-
شىشى بىلەن مەكتەپلەرنى، ئاساسىي قات-
لامدىكى خىزمەتلەرنى چىڭ تۇتۇپ ئىش-
لەپ، قانۇن قارىشىنى كۈچەيتىپ، مىللەت-
لەرنىڭ پەن ـ مەدەنىيەت ساپاسىنى يۇقى-
رى كۆتۈرۈش، سىياسىي نەزەرىيىۋي ئا-
ساسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، تۈرلۈك چارە-
تەدبىرلەر بىلەن مىللەتلەر ئىقتىسادىي تە-
رەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك، دې-
دى. ئاخىرىدا قېيۇم باۋۇدۇن ئاپتونوم را-
يونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (ئاپ-
تونوم رايونلۇق دىن ئىشلىرى ئىدارىسى)
نىڭ يېڭى رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ
ئۆز ئارا قوللىشىپ، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەي-
تىپ، ئىقتىدىن ماسلىشىپ، روھنى ئۇر-
غۇتۇپ، پۈتۈن زېھنى كۈچى بىلەن مىللەت-
لەر، دىن خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ،
ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمە-
تىنىڭ ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق مەسلىھەت-
چىسى ۋە ياردەمچىسى بولۇپ، ئاپتونوم را-
يونىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلى-
رى ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد
قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات
بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، چۇلەنچاۋ
«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىل-
لەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (شىنجاڭ ئۇي-
غۇر ئاپتونوم رايونلۇق دىن ئىشلىرى ئىدا-
رىسى) پارتگورۇپپىسىنىڭ قۇرۇلغانلىقى
توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» نى، ليۇجېن-
چاڭنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق
مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (شىنجاڭ
ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق دىن ئىشلىرى ئى-
دارىسى) پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىلىقىغا،
ئابدۇللا ھەمدۇللانى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتو-
نوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتې-
تى (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق
دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) پارتگورۇپپىسى-
نىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا، ئابدۇرېشىت
نىياز، شۇشىجې، خې جۈڭدې، خىسامى-
دىن، كوۋاندالىلارنى پارتگورۇپپىسىنىڭ
ئەزالىقىغا تەيىنلىگەنلىكىنى ئېلان قىلدى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كا-
دىرلار ئىشلىرى نازارىتىنىڭ مەسئۇلى
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەت-
لەر ئىشلىرى كومىتېتى (شىنجاڭ ئۇيغۇر
ئاپتونوم رايونلۇق دىن ئىشلىرى ئىدارى-
سى) نىڭ يېڭى رەھبەرلىك كوللېكتىپىنى
ئېلان قىلىپ، ئابدۇللا ھەمدۇللانى شىن-
جاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر
ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقى، دىن
ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا، ليۇ-
جېنچاڭنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون-
لۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇ-
ئاۋىن مۇدىرلىقى، دىن ئىشلىرى ئىدارىسى-
نىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا، ئابدۇرېشىت
نىياز، شۇشىجې، خې جۈڭدې، خىسامى-
دىنلارنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق
مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن
مۇدىرلىقى، دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ
مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلىدى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق
مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (شىنجاڭ
ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق دىن ئىشلىرى ئى-
دارىسى) پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى
ليۇجېنچاڭ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم را-
يونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ
مۇدىرى، دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باش-
لىقى ئابدۇللا ھەمدۇللا ۋە سابىق شىنجاڭ
ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر، دىن
ئىشلىرى كومىتېتى پارتگورۇپپىسىنىڭ
شۇجىسى ليۇيەنچىڭلار يىغىندا سۆز قىل-
دى.

تەرجىمە تەھرىرى:
ئەركىن ئىمىننىياز

# مىللەت ۋە دىن

*　　*

2000 ـ يىل 3 ـ سان (ئومۇمىي 32 ـ سان).

باشقۇرغۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر، دىن ئىشلىرى كومىتېتى
نەشر قىلغۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر، دىن ئىشلىرى كومىتېتى «مىللەت ۋە دىن» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي دوستلۇق يولى 22 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830000، تېلېفون: 4516959—(0991)
ئۈرۈمچى پاراۋانلىق باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
بېسىلغان ۋاقتى: 2000 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى
(تەننەرخى: 3.00 يۈەن)

ئىچكى گېزىت ـ ژورناللارنى بېسىشقا روخسەت قىلىش نومۇرى: 0206

《新疆民族宗教》2000年第3期(总第32期)
地址:乌鲁木齐市友好南路22号
邮编:830000　电话:(0991)4516959
乌鲁木齐福利印刷厂印刷
出版日期:2000年12月20日
新疆内部期刊　准印证:第0206号

(工本费:3.00元)